

1984 2

# شىنجاڭ ئاياللىرى

# 新疆妇女

# ئاپتونوم رايونىمىزدا ئايال ئىلمىي خادىملار كۆپلەپ ئۆسۈپ يېتىلمەكتە



1. شىنجاڭ داشۆي خىمىيە پاكولتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پاكولتېت باش پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى دوتسېنت مەۋجۇدە.

2. دوتسېنت ھەلىمە ئابابەت ئىشىـ خشونى بىناكارلىق - قۇرۇلۇش پاكولتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دىسسېرتاتسىيە ياقلىشىغا يېتەكچىلىك قىلماقتا.

ئابدۇۋەلى ئابدىراخمان فوتوسى



3. جۇ شياۋيىڭ بايىنغولىن ئوبلاستلىق كونسېرۋا زاۋۇدىنىڭ ئىنژېنېرى، ئۇ 1980 - يىلى مەملىكەت بويىچە تەمى ياخشى، رەڭـ گى قىزىل پەمىدۇر كونسېرۋاسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپ چىقتى.





4. ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق - قۇرۇلۇش پەن تەتقىقات ئورنى سىلىكاتچىلىق ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىنژېنېر خانقىز مەسۇم ئىنژېنېر دېك شۇجۇ بىلەن بىللە يېڭى سورتلۇق سېمونتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپ چىقتى.

1984 - يىل                                                  2 - سان

# شىنجاڭ ئاياللىرى

قوش ئايلىق ژورنال                                        (ئومۇمىي سانى 19)

## بۇ سانىدا

ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغدايلى
پارتىيە ئاممىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەنئەنە ئەسلىگە كەلدى ......ياڭ يۈن، جېڭ زاۋجيەن 3
ئاياللارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى يېتىلدۈرۈش پۈرسىتى بولۇشى كېرەك ......ماتىرىيالدىن 11

### ئىنقىلاپ پېشۋالىرى

ئاياللارنىڭ سىردىشى ......................................گو مىڭچيۇ 14

* * *

ئىلىم - پەن پەرۋانىسى ........................ مېھرىنسا ئابلىمىت 18
ياخشى تۇغۇت ئانىسى ........................ئەمەت توقى 22

### بالىلار تەربىيىسى

جەمىيەت خەۋەرلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەسىرى ۋە ئۇلارنى يېتەكلەش
ھەققىدە ........................................ دېڭ بىڭدۈەن 24
بالىڭىزنىڭ يالغانچىلىق قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟ ....................گاۋ جىفاڭ 27
سىز ئۆز بالىڭىزنى چۈشىنەمسىز؟.......................... ماتىرىيالدىن 29

## ئەدەبىيات گۈلزارى

ئادائىلىق (ھىكايە) ............................ ئەخمەت ھاشىم 31
يومۇرلار ............................ ماتىرىيالدىن 37

## سالامەت بولۇش

قىزلاردىكى فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ھەققىدە ............ ئايشەم ئېلى 38
مۇنچىدا يۇيۇنغاندا تامچە قۇرۇت كېسەلدىن ساقلىنىش كېرەك ............ خۇ جىيىڭ 41

## مۇشتىرىلاردىن خەت

«شىنجاڭ ئاياللىرى» ژورنىلىغا ئەرلەر مۇشتىرى بولسا بولامدۇ؟ ......... ئابلا نىياز 42
«يىگىرمە بەش كۈن»نى ئوقۇغاندىن كېيىن ............................ نۇرىمان 43

## ئەدەپ-ئەخلاق

كىشىلەر كەينىدىن قىلىنغان غەيۋەت-شىكايەتلەرنى ئاڭلىغىنىڭىزدا ..................
...................................... ئابدۇرېھىم مەخمۇتجان 46

* * *

مۇقاۋىدا: قازاقچە ئۇسۇل ............................ چىلىك داۋجۇڭ فوتوسى
مۇقاۋىنىڭ 2-بېتىدە: ئايال پەن-تېخنىكا خادىملىرى ............................
............................ئابدۇرېھىم ئابدۇراخمان قاتارلىقلار فوتوسى
مۇقاۋىنىڭ 3-بېتىدە: مۇنەۋۋەر مائارىپچىلار............................
سۈرەتنى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئەۋەتكەن
مۇقاۋىنىڭ ئاخىرقى بېتىدە: سەيلى شاتلىقى ... ............ پېڭ بىدې فوتوسى
بۇ ساندا سۈرەتلەر بېتى بار
بۇ ساندىكى رەسىملەرنى مەمەت ئايۇپ، ئابلىمىت ئابلىزلار سىزغان

## ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدايلى

# پارتىيە ئاممىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەنئەنە ئەسلىگە كەلدى

**ياڭ يۈن، جېڭ زاۋجيەن**

— مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئاچقان ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپە-
ئەتىنى قوغداش قانۇن-تۈزۈم تەشۋىقات ئېيى نەق مەيدان يىغىنى خاتىرىسى

1983-يىلى 11-ئاينىڭ 22-كۈنى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى جاڭ گويىڭ مەملىكەتلىك 5-نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، جياڭشىغا كېلىپ جياڭشى ئۆلكىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن نەنچاڭ شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تۆۋەنگە چۈشۈپ ئەھۋال ئىگىلىدى. جايلاردىكى پارتكوم كادىرلىرى، ئاياللار بىرلەشمە كادىرلىرى ھەم ئاممىلار بىلەن ئۇچراشتى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە جياڭشى ئۆلكىسىدە ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتىنىڭ ناھايىتى ياخشى قانات يايغانلىقى، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتى پۈتۈن پارتىيە، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشكەنلىكى، ئاياللار خىزمەت كادىرلىرىنىڭ روھىي قىياپىتىدە ئالاھىدە ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقى، ئاياللار خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشتا ياخشى باشلىنىشلارنىڭ بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. كۆڭلىدە، ھازىر جايلار تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈۋاتىدۇ، ئەگەر جياڭشىدا نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلسا، بۇ پائالىيەت چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، بۇ قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك، دەپ ئويلايدۇ-دە، دەرھال بېيجىڭغا قايتىپ بېرىپ، ئەتىسىلا بىر تەرەپتىن ئۆز ئورنىنىڭ شۇجىچۇسىغا دوكلات قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىغا بېرىپ يولداش خاۋ جەنشۇدىن يوليورۇق ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جياڭشىدا نەق مەيدان يىغىنى ئېچىش بېكىتىلىدۇ.

جياڭشى ئۆلكىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئاياللار كادىرلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، تولۇق ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن تەييارلىق قىلدى. ئۇلار قىزغىن ھەم خۇش مۇئامىلە بىلەن جايلاردىن كەلگەن ۋەكىللەرنى كۈتۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن 1983-يىلى 12-ئاينىڭ 12-كۈنى جياڭشىنىڭ نەنچاڭ شەھىرىدە ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش تەشۋىقات ئېيى نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلدى.

**هەر دەرىجىلىك پارتكوملار پائالىيەتكە قوماندانلىق قىلىغان ھەم قاتنىشقان.**
جىياڭشى ئۆلكىسىدىكى هەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئاياللار ۋە باللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشى، ئۆلكە بويىچە تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتىنىڭ ياخشى قانات يايغانلىغىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەپ. يىغىندا بىرىنچى بولۇپ جياڭشى ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۈي چىڭ سۆز قىلدى: ئۇ مۇنداق دىدى: ئاياللار ۋە باللارنى كەمسىتىدىغان، خارلايدىغان، بوزەك قىلىدىغان ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان ھادىسىلەرنىڭ بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە يۈز بەرگەنلىگىگە چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ، پارتىيىنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇ يىل 4 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسى نۆۋەتتىكى ئاياللار ھەركىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن: "جەزمەن ئاياللار ۋە باللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىشنى ئەستايىدىل تۇتۇش كېرەك" دىگەن ئاياللار خىزمەت فاڭجېنىنى بەلگىلىدى. بىز بۇ فاڭجېننى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، ئۇنى ئىككى مەدەنىيەت يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان زور ئىش قاتارىغا قويۇپ ئىزچىللاشتۇردۇق. بىز مۇنداق قارىدۇق: ئەگەردە بۇ خىل يامان خاھىشلارنىڭ ساقلىنىشىغا يول قويىدىغان بولساق، ئاياللارنىڭ تۇتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئاكتىپچانلىغى زەربىگە ئۇچرايدۇ ھەم بېسىلىدۇ، جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا، شۇنىڭدەك، كېيىنكى ئەۋلاتلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە تەسىر قىلىدۇ، ئۇنداقتا ئىككى مەدەنىيەت يارىتىشتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن پارتكوملار ئاياللار خىزمىتىنىڭ مۇھىملىغىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئۆتكەندە بەزى پارتكوملار ئاياللار خىزمىتىنى تۇتىسىمۇ بولىدىغان، تۇتمىسىمۇ بولىدىغان ئىش دەپ قارىدى، ئۇ يەرلەردە ئاياللارنىڭ ئالاھىدە مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈنمىدى، ئاياللار خىزمىتىنىڭمۇ نەتىجىسى كۆرۈلمىدى، بۇ ئەمەلىيەتتە رەھبەرلىكتىكى ئاجىز، بوشاڭلىقنىڭ ئىپادىسى. بىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتتۇق، تەشۋىقات ئېيى خىزمىتىدە، جايلاردىكى پارتكوملار خىزمەتلەرگە قوماندانلىق قىلدى ھەم ئۆزلىرى ئاتلاندى، رەھبىرىي يولداشلار شەخسەن ئۆزلىرى تۇتۇپ، سۈرۈشتۈرۈپ، مەسىلىلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ھەل بولۇشىغا ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى ھەم ئاياللار بىرلەشمىلىرىنىڭ ئاياللار خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشتىكى رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى.

شاڭراۋ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لياڭ ۋېنشىڭ مۇنداق دىدى: بىز ئاياللار ۋە باللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش — بىر خىل ئىستراتېگىيىلىك خىزمەت ئىكەنلىگىنى، بۇ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى، شۇنداقلا، سىياسى جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولۇشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى ئىكەنلىگىنى ئىدىيىدە تونۇپ، جىددى ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇغىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىغىمىزنى ئۆستۈردۇق. ئاياللار خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىدىيىدە ئورۇن بېرىش، ئىشتا ئەقىل ـ چارە كۆرسىتىش، قىيىنچىلىقتا يولۇقسا مەدەت بېرىش، مەسىلە كۆرۈلسە ھەل قىلىپ بېرىش، بايراقنى روشەن قىلىپ خىزمىتىگە ياردەم بېرىشنى ئورۇنلىدۇق.

خىنىڭ فىڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يۈي چاڭپۇ مۇنداق دىدى: مەركىزىي كومى-

تېتىنىڭ ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداش تەدبىرى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن. 10 - ئايدا ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمە جۇڭخۇي ۋىلايەت بويىچە ئېچىلغان ئاياللار بىرلەشمە جۇڭخۇي يىغىنىنىڭ روھىنى تولۇق ئىزچىللاشتۇرغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى دەرھال مۇزاكىرە قىلىپ، تەشۋىقات ئېيى ئىشخانىسىنى قۇردى. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئۆزى قوماندانلىق قىلدى، بىر مۇئاۋىن شۇجى بىلەن دائىمىي ھەيئەتنىڭ بىرسى كونكرېتنى خىزمەتكە مەسئۇل بولدى. گۇڭشې دادۈيلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرىمۇ پائالىيەتكە ھەم قوماندانلىق قىلدى ھەم قاتناشتى. ئۇلار ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، ئائىلىلەرگە بېرىپ تەشۋىق قىلىپ، مەسىلىلەرنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىپ، تەشۋىقات ئېيىنىڭ غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. پارتكوم يەنە ئاياللار بىرلەشمىسى پارتىيىنىڭ كەڭ ئاياللار بىلەن ئالاقە باغلاش ۋاستىسى، تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش بولسا، ئايال كادىرلارنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش، ئاياللار خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشتىكى مۇھىم تەدبىر، تەشۋىقات ئېيى ئىشخانىسىدا ئاياللار بىرلەشمىسىنى باشلامچىلىق ئورنىغا قويۇپ ئۇلارغا ۋەزىپە تاپشۇرۇپ، خىزمەتلەرنى يۈكلەپ، ئەقىل - چارە كۆرسىتىپ، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا دەرھال مەدەت بېرىپ ھەل قىلىشىمىز كېرەك، دەپ قارىدى.

**ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ كادىرلىرى تەشەببۇسكار، قىزغىن بولۇپ، ئىشنى پۇختا، جانلىق** ئىشلىدى. جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى ئىرىشىپ، باتۇرلۇق بىلەن جان تىكىپ ئىشلىدى. ئادەتتە خىزمەتنى توختىتىپ قويمىدى، يۇقۇرىغا تايانمىدى، سۆرەلمىلىك قىلمىدى، بەلكى خىزمەت جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلدى. چوڭ مەسىلىلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن يۇقۇرىغا دوكلات قىلىپ يوليورۇق سورىدى. خىزمەتنى پۇختا، جانلىق ئىشلىدى، تەكشۈرگەن ماتېرىياللىرى دەلىل - ئىسپاتلىق بولدى. بۇ قېتىمقى تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتىدە، ئۇلار ھەقىقەتەن پارتىيىنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى ھەم ياردەمچىسى بولدى.

ئۆلكىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى ۋەن شاۋفىن، نەق مەيدان يىغىنىدا ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمە كادىرلىرىنىڭ تەشۋىقات ئېيى تەييارلىق خىزمىتىنى يىغىنچاقلاپ دوكلات قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۆلكىلىك پارتكوم 17 ئورۇننىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنى، تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەت كەيپىياتىنى تۈپتىن ياخشىلاش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. يىغىندىن كېيىنكى 3 - 4 كۈن ئىچىدە، 11 ۋىلايەت، شەھەر، 101 ناھىيىدە ھەم مۇتلەق كوپ ئىدارە، مەكتەپ، قىسىم، زاۋۇت - كان ۋە يېزىلارنىڭ گۇڭشې دادۈيلىرىدە ئايرىم ھالدا يىغىنلار ئېچىلىپ، يولداش شۈي چىڭنىڭ سۆزى ئەستايىدىل يەتكۈزۈلدى. پۈتۈن ئۆلكە سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتىگە ئاتلاندى، جايلاردا تەشۋىقات ئېيى پائالىيەت ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ئىشخانىلار كۆپرەك ئاياللار بىرلەشمىلىرىدە قۇرۇلدى. جايلاردىكى ئاياللار كادىرلىرى بۇ خىزمەتكە بارلىق كۈچى بىلەن ئاتلاندى.

بۇ يىل 4 - ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇغى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى پائال ھەركەتكە كېلىپ، ئىككى قېتىم چوڭقۇرراق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ئۆلكىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تۆۋەنگە 9 گۇرۇپپا ئەۋەتتى، ھەممە جايلاردىكى ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئەۋەتكەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئاياللار ۋە بالىلارنى كەمسىتىش، خارلاش، ئاياق - ئاستى قىلىش، زىيانكەشلىك قىلىشتەك مەسىلىلەرنى كەڭ - كۆلەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۆلكىمىزدە ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئېنىق كۆرۈپ ئالدى. جۇڭگو ئاياللىرى مەملىكەتلىك 5 - قۇرۇلتىيىدا: ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداش، بالىلار - ئۆسمۈرلەرنى پەرۋىش قىلىپ، تەربىيىلەپ ساغلام ئۆستۈرۈش، ئاياللارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت يارىتىشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش يولىيورۇغىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۇتۇپ ئىشلىدى. بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىملىقى، تەخىرسىزلىكىنى تونۇپ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، ئاياللارنى ئۆزۈل - كېسىل ئازات قىلىشتىن ئىبارەت كەسپىي تونۇشىنى ئاشۇردى.

تەشۋىقات ئېيى قانات يايغاندىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمە كادىرلىرى كېچە - كۈندۈزلەپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلىدى. خىلى نۇرغۇن ئاياللار بىرلەشمىسى تەشۋىقات ئېيى ئىشخانىسىغا باشلامچى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمە كادىرلىرى يۈكنىڭ ئېغىرلىقىغا قارىماي، ھاردىم - تالدىم دىمەي، باشتىن - ئاخىر بىرىنچى سەپتە جەڭ قىلغان. ھەر بىر كادىر تەخمىنەن كۈندە 14 - 15 سائەتلەپ ئىشلىگەن. تەشۋىقات دۈينى باشلاپ سەھەردە تۆۋەنگە چۈشۈپ، كەچتە قايتىپ كېلىپ، كېچىدە باش قوشۇپ ئەھۋالارنى ئۇقۇشۇپ، ئەتىسى يەنە سەھەر تۇرۇپ تۆۋەنگە ماڭغان، ئۇلار 20 نەچچە كۈن ئىچىدە تەشۋىقات ماشىنىسى بىلەن مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرگەن. ناھىيىنىڭ 53 داۋۇيىگە بېرىپ تەشۋىقات ئېلىپ بارغان، ئۇچراتقان مەسىلىلەرنى ئۆز ئورنىدا بىر تەرەپ قىلىپ، تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرگەن. شىنگو ناھىيىسى تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، ئاياللار كادىرلىرىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، سوۋېت رايونىدىكى كادىرلارنىڭ جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماسلىقتەك ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىسىنى مەخسۇس تەشۋىق قىلغان، نەتىجىدە كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىدە ئۆزگىرىشلەر بولغان. مەسىلەن، جۇنسۇن گۇڭشېسىدىكى ۋاڭ لىيەنيىڭ 45 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۆز ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى ئاياللار خىزمىتىنى ئىشلەش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئاياللار خىزمىتى ھەر يىلى بىر خىللا ئىشلىنىدىكەن، بىر باشقا ئەھمىيەتلىك بولمايدىكەن، دەپ قاراپ، ئۆتكەن يىلى كەسپىنى ئالماشتۇرۇش ھەققىدە 4 نۆۋەت دوكلات يازغان. ئىنقىلاۋىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئارقىلىق، ئۇ ئىدىيىدە ئۆزگىرىش ياساپ، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتىدە ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاياللار ئۈچۈن مەسىلە ھەل قىلغان. ئۇ، ئاياللار خىزمىتىدە ئىشلەيدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار ئىكەن، مەن بۇندىن كېيىن كەسپىمنى ئۆزگەرتىش ئەمەس، بەلكى بارلىق زېھنىم بىلەن ئاخىرىغىچە ئىشلەيمەن، دىگەن.

**ھەممە ئادەم قۇشقاچ ئوپېراتسىيىسى ئېلىپ باردى. يىغىندا، ئاساسىي قاتلاملاردىن**

كەلگەن ئاياللار بىرلەشمىلىرىنىڭ ياش مەسئۇللىرى ئارىلاپ-ئارىلاپ دوكلاتقا قوشۇمچە قىلدى: چيەنشەن ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى جىڭ بىليەن مۇنداق دېدى: مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئايدىكى يوليورۇغىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ناھىيىدىكى 6 نەپەر ئايال كادىر 3 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنۈپ 18 گۇڭشې، بازار، مەيداننىڭ 508 دادۈيگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق، ئاياللار ۋە باللارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگەللىدۇق. 7-ئايدا بىز يەنە جامائەت خەۋپسىزلىگى ئورنى بىلەن بىرلىشىپ ناھىيىدىكى 21 گۇڭشې، بازار، مەيدان ئىنكاس قىلغان ئەھۋاللارنى تېمىلار بويىچە تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان 35 ئائىلىدىن ھال سوراپ، مەسىلە يۈز بېرىشتىكى خىلمۇ-خىل سەۋەپلەرنى تەھلىل قىلدۇق. جەمئىيەتتە ئەرلەرنى چوڭ كۆرۈپ، ئاياللارنى كەمسىتىش ئەڭ تۈپلۈك مەسىلە بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ ئىچىدە، ئاياللارنىڭ ساۋاتسىزلىقى، نادانلىقى، ئۆزىنى-ئۆزى كەمسىتىدىغانلىقى مۇھىم مەسىلە ئىكەنلىكىنى سەزدۇق. مەسىلەن، بەزى ئاياللار قىز تۇغقانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنى كەچۈرگۈسىز گۇنا قىلغاندەك ھېساپلاپ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خارلىغانچە بوزەك قىلىشىغا چىدىغان. ئاياللار ۋە باللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، بىز مائارىپ ئورۇنلىرى بىلەن كېلىشىپ 109 ئورۇندا ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش سىنىپلىرىنى ئېچىپ، ئاياللارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىشقا ياردەم بەردۇق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارغا ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاش، ئۆزىگە كۆيۈنۈش، قۇدرەت تېپىش ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ باردۇق، ئۈنۈمى ناھايىتى زور بولدى. بۇنىڭ بىلەن بىر ئەمەلىي پاكىتمۇ، تەھلىلمۇ بولغان، مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسىمۇ بولغان تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنى يېزىپ چىقالىدۇق، ناھىيىلىك پارتكوم بۇ دوكلاتقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىشى ھەققىدە تەستىق يېزىپ تۆۋەنگە تارقاتتى.

گېياڭ ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىمۇ 230 نەپەر ئاساسقاتلام ئاياللار كادىرلىرىدىن تەركىپ تاپقان 20 نەچچە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى تەشكىللىگەن. شاۋراۋ ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى چېڭ خۇاخۇا مۇنداق دېدى: ئۆتكەندە بىز "ئاياللار بىرلەشمىسىدە ھوقۇق يوق، پۇل يوق، مەسىلىنى ھەل قىلىش قىيىن"، "ئاياللارنىڭ ئىشىنى ئادىل ئەمەلدارنىڭمۇ ھۆكۈم قىلمىغى تەس." دەپ قارىغان ئىدۇق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇغى بىلەن 5-نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، بۇ يوليورۇقنىڭ نۆۋەتتىكى ئاياللار خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى بارغانسىرى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ناھىيىدىكى ئاياللار بىرلەشمىلىرىنىڭ كادىرلىرى 37 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنۈپ، ئاياللار ئاممىسىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش ئەھۋاللىرىنى ئىگەللىدۇق. ئاممىۋى تەشكىلات بولغان ئاياللار بىرلەشمىسى، ئاياللارنىڭ دەرت-ئەھۋالىغا يەتمىسە توغرا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. شىنگو ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ كادىرلىرى ئۆزلىرى تۆۋەنگە چۈشۈپ تەكشۈرگەندىن سىرت، ئاياللار ئاممىسىغا "تۆتنى تەكشۈرۈش" تىزىسىنى تارقىتىپ بەرگەن. ئاياللارنى خارلىغان، ئۇرۇپ-تىللىغان ئەھۋاللارنى تەكشۈرگەندىن باشقا ئوقۇغۇچىي قوبۇل قىلىش، ئىشچى ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئېتىزى بۆلۈپ بېرىش، ئۆي تەقسىم قىلىشلاردا ئاياللارنىڭ كەمسىتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ

ئىگەللىگەن. پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئاياللار كادىرلىرى زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىردىن مەسىلىنى
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغانلىقتىن، ئاياللار ۋە باللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنىڭ دەخلى-
تەرۈزگە ئۇچراش ئەھۋاللىرىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئاما ئىچىدىكى مەسىلەرنىڭ ھەم-
مىسىنى ئىگەللىۋالغان.

**قار دومىلتىشتەك ئۆگىنىش ئۇسۇلى.** تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش جەريانىدا، ئايال
كادىرلار ئاياللار ۋە باللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، قانۇنىي
بىلىم بىلەن ئۆزلىرىنى قوراللاندۇرغاندىلا ئاندىن ئاياللارنى قانۇننى ئۆگىنىش،
قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇندىن ئىبارەت قورالنى ئىشقا سېلىپ ئۆز قانۇنىي ھوقۇق -
مەنپەئەتىنى قوغداشقا ھەم يېتەكلىگىلى، ھەم ئۇلارغا ياردەم بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى تو-
نىغان. بۇنىڭ بىلەن قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقات تايانچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرس-
لىرى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك ئۆلكە بويىچە قانات يايغان. يۈيشەن ناھىيىسى ئال-
دى بىلەن زور بىر تۈركۈمدىكى ئاياللار كادىرلىرىنى تەربىيىلىگەن. ئاندىن بۇ كادىرلار
بىلەن ئەدلىيە ھەم جامائەت خەۋپسىزلىگى كادىرلىرىنى تەشكىللەپ، ئون نەچچە كۈن
ھۆججەت ئۆگەنگەن. كېيىن بۇلار 29 گۇڭشېغا بۆلۈنۈپ ئۆگىنىش كۇرسى ئاچقان، ئاندىن
تۆۋەنگە چۈشۈپ تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. ئۇلار مانا مۇشۇنداق قار دومىلتىشتەك ئۇسۇل
بىلەن تەشۋىقات قوشۇنىنى كېڭەيتكەن.

قانۇننى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئاياللار كادىرلىرى ئاياللار ۋە باللارنىڭ قانداق ھوقۇق-
مەنپەئەتلىرىنىڭ بارلىقى ۋە ئۇنى قانداق قوغداش كېرەكلىكىنى بىلىۋالدى.
ئۇرغۇن ئاياللار كادىرلىرى مۇنداق دېگەن: "ئۆتكەندە ئاچا - سىڭىللارنىڭ بوزەك قىلىنغان-
لىقىنى ئۇققاندا، ئىچ ئاغرىتىپ، ئەرز خەتلىرىنى باشقا ئورۇنلارغا يوللاپلا بېرىشنى بە-
لىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسىنى تاپالمىغان ئىدۇق، ھازىر قانۇننى بە-
لىۋالدۇق، تايانچىمىز كۈچلۈك، ئاياللار ئۈچۈن داۋالىشىپ بېرەلەيمىز." جىڭدېجېن
شەھرىنىڭ جېتەن گۇڭشېسىدا، ئۆزۈندىن بۇيان ئەرلىرى خارلاپ، مېيىپ بولۇپ قالغان
ئىككى ئايال بولۇپ، ئىلگىرى گۇڭشېدىكى ئاياللار كادىرلىرى بۇنى ئائىلە ماجراسى،
باشقىلارنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى بولمايدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن. گۇڭشې ئاياللار بىرلەشمە-
سىنىڭ مۇدىرى جاڭ فامېي قانۇن - تۈزۈم ئۆگىنىش كۇرسىدا ئۆگەنگەندىن كېيىن، بۇنىڭ
ئادەتتىكى ئائىلە ماجراسى ئەمەس، بەلكى خارلاش جىنايىتى ئىكەنلىكىنى تونۇغان. ئاندىن
ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئەدلىيە ئورنىغا بېرىپ دەۋا قىلىشى ئۈچۈن ياردەم
بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن خوتۇننى خارلىغان بۇزۇق جىنايەتچىلەر تېگىشلىك قانۇنىي جازاغا
تارتىلغان. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بىرتەرەپ قىلىنماي تۇرۇپ قالغان بەزى ئەنزىلەر
ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن سىياسى قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ بىرلىشىپ تەكشۈرۈشى ئارقىسىدا
ھەل بولغان. شاڭراۋ ناھىيىسى دۇڭتۇەن گۇڭشېسىدىكى يۇجىنئې ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن
كېيىن، تۇرمۇشتا چارىسىز قېلىپ، مال - مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشەلمەي
ھەسسىلەپ خارلانغان. ئاياللار بىرلەشمە كادىرلىرى 4 نۆۋەت دۇڭتۇەن گۇڭشېسىغا كې-
لىپ تەكشۈرۈپ، ئەھۋالنى ئەمىلىلەشتۈرگەندىن كېيىن، 18 قېتىم سوت مەھكىمىسىگە بې-
رىپ، دەۋالاشقان. ئۇلارنىڭ 5 ئاي چىڭ تۇرۇپ كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە، 10 -

ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاخىر بۇ ئەنزە ئۇستىدە مۇۋاپىق ھۆكۈم چىقىرىپ، يۇ جىنئېنىڭ 3
يىللىق تۇرمۇش راسخودىنى تۆلىتىپ بەرگەن، ئېرى ھايات ۋاقتىدىكى 3 ئېغىز ئۆيى بىلەن ئۆي
جابدۇقلىرىنىمۇ ئۆزىگە بۇيرۇپ بەرگەن. تۇل خوتۇن، يېتىم باللار سوت ئورۇنلىرىغا 3
يىل ئىچىدە 50 نەچچە قېتىم قېتىراپمۇ ھەل قىلالمىغان دەۋا ئاخىرى مۇۋاپىق بىر تەرەپ
قىلىنغان. ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئاياللار ۋە باللار ئۈچۈن ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىشلارنى
قىلىپ بەرگەنلىكىنى كۆرگەن ئاما خوشاللىقىدا: "پارتىيە ئامىمغا كۆڭۈل بۆلۈدىغان ئەنئەنە
ئەسلىگە كەلمەكتە!" دېيىشكەن.

قۇدرەتلىك قوشۇن بولۇپ، ھەممە بىرلىكتە ئاتلىنىش. ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ
تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا، ئادەتتىكىدەك تەشۋىقى تەربىيىگىلا تايىنىشقا
بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىرمەزگىل ۋاقىت ئاجرىتىپ، زېھنىنى، ئادەم كۈچى ۋە تەشۋىقات قوراللى-
رىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى جەمئىيەتلەردىكى جامائەت پىكرىنى قوزغاپ، كەڭ كۆ -
لەمدە تەشۋىق قىلىپ، كەڭ كولەمدە سەپەرۋەر قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە تەربىيە ئېلىپ بېرىپ،
پۈتۈن پارتىيە ھەقىقى تۈردە تۇتۇپ ئىشلەپ پۈتۈن خەلق سەپەرۋەرلىككە كەلگەن يېڭى ۋە-
زىيەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتىدە، جىياڭشى ئۆلكىسىدىكى ھەرقايسى جايلار تەشۋىقات
كۈچلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەر خىل تەشۋىقات قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئاما ياخشى كۆرى-
دىغان خىلمۇ - خىل تەشۋىقات شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ، داغدۇغىلىق تەشۋىقى تەربىيە
ئېلىپ بارغان. ئاغزاكى تەشۋىقات ھەم گېزىت - ژورنال، تېلېۋىزور، رادىيودا تەشۋىق قىل-
غاندىن سىرت، قانۇنغا دائىر سوئاللارغا جاۋاب بېرىدىغان ۋاقىتلىق پونكىتلار قۇرغان. تەش-
ۋىقات ماشىنىلىرىنى ئىشقا سالغان، تەشۋىقات رامكىسى، تەشۋىقات تاختىلىرى ئارقىلىق سۈرەتلەر
كورگەزمىسى ئاچقان، ھەجۋى رەسىملەرنى سىزدۇرغان، خۇۋەندىڭ فىلىملىرىنى قويغان، مەخسۇس ھەم
ئىشتىن سىرتقى ئەدەبى - سەنئەت تەشۋىقات دۈيلىرىنى تەشكىللىگەن. تەشۋىقاتنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن بىر ئايال: "ئاياللارنىڭ مۇنچىۋالا قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى بارلىقىنى بىلمەيتتەن.
مەن توي قىلغانغا 7 يىل بولدى. ئېرىم خارلىسا، پېشانەمنىڭ شورلۇقىدىن كۆرۈپ، باشقى-
لارغا ئېيتىشقا پېتىنالماي كەپتىمەن، ئەمدى چۈشەندىم بىزگە "ئۆز ئاتىمىز" ئىگىدارچىلىق
قىلىپ، يار - يۆلەك بولىدىكەن. ئەمدى يولدىشىمنىڭ ئورۇپ تىللاشىغا سەۋر قىلىپ، دەردى-
نى ئىچىمگە يۇتۇپ ئولتۇرمايدىغان بولدۇم،" دىگەن.

نەنچاڭ شەھرىنىڭ مەھەللىرىدە تەشكىللەنگەن مومايلار تەشۋىقات دۈيىدىكلەرنىڭ يېشى
53 - 78 ئارىلىغىدا بولۇپ، 66 ياشلىق پېنسىيىگە چىققان ئوقۇتقۇچى، مەدلىكەتلىك مىزنەۋ-
ۋەر باللار خىزمەتچىسى ۋاڭ شىجېنىڭ باشچىلىقىدا، ئۆزلىرى ئويۇن تەييارلاپ مەھەللىلەردە
كۆپ قېتىم تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. خىڭ فىڭ ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى-
ئوقۇغۇچىلىرى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، مەزمۇنى يېڭى، ئاياللار ۋە باللار-
نىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان 20 نەچچە ئويۇن تەييارلاپ، كوچا مەھەللى-
لەردە تەشۋىق قىلغان. بەزى جايلارنىڭ باللار باغچىلىرىدىكى كىچىك باللارمۇ بۇ قېتىمقى
تەشۋىقات پائالىيىتىگە قاتناشقان. ئاما: "بۇ خىل تەشۋىقات شەكلى ياخشىكەن، بىر كۆرۈپلا
مەزمۇنىنى چۈشىنىپ ئالغىلى بولىدىكەن، تەربىيىۋى ئۈنۈمى زور ئىكەن،" دېيىشتى.

ئەنيى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ناھىيە بويىچە رادىيو ئۇزىلى كانايلىرىنىڭ

تولۇق ئومۇملىشىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، تەشۋىقات ماشىنىلىرىنى تەشكىللەپ، رەھبەرلىك ئۆزى بىللە يۈرۈپ بارلىق چەت - يىراق جايلارغا بېرىپ تەشۋىق قىلغان. بارغانلا يېرىدە ئۇلار ئالدى بىلەن تەييارلىغان ماتېرىياللىرىنى ئامبىغا تارقاتقان، بىر تەرەپتىن تەشۋىق قىلغان، چۈشەندۈرگەن، ئەرز ئېيتقۇچىلارنى قوبۇل قىلغان، سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشقا ئائىت ئىجابىي ۋە سەلبىي تىپىك ماتېرىياللارنى توپلىغان، يەنە بىر تەرەپتىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان.

بۇ قېتىمقى تەشۋىقات، ھەقىقەتەن ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈلۈپ، ھەممە كىشىنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈلدى. ئوخشاش بولمىغان تەشۋىقات شەكىللىرى ئارقىلىق، جەمئىيەتتىكى ئەرلەرنى چوڭ كۆرۈپ، ئاياللارنى كۆزگە ئىلماسلىقتەك كونا ئىدىيىلەرگە زەربە بېرىلدى، ئاياللارنىڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ھەم كۆرەشچانلىقى زور دەرىجىدە ئاشتى.

داۋاملىق ئالغا. نەق مەيدان يىغىنى جەمئى 4 كۈن ئېچىلدى. ئاخىرىدا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى جاڭ گويىڭ خۇلاسە قىلدى. ئۇ مۇنداق دىدى: بۇ قېتىمقى يىغىن ناھايىتى ياخشى ئېچىلدى. پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، تېز ھەركەتكە كېلىپ، مەسىلىنى تېز ھەل قىلغان چاقماق تېزلىكىدىكى يىغىن بولدى. بۇ قېتىمقى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، بۇندىن كېيىنكى ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش خىزمىتىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگۈسى. جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ تەجرىبىسى شۇكى: پارتكوملار ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن؛ ئاياللار بىرلەشمە كادىرلىرى بارلىق كۈچى بىلەن ۋەزىپىنى ئادا قىلغان؛ ئالاقىدار ئورۇنلار بارلىق كۈچى بىلەن قوللىغان. شاڭخەي، خۇنەن قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن يولداشلارنىڭ سۆزىدىن ئېخىمۇ يېڭى تەجرىبىلەرنى ئاڭلىدۇق. مەملىكەت دائىرىسىدىن ئېيتقاندا، كۆپ جايلاردا بۇ خىزمەت تېخى ئېلىپ بېرىلمىدى، شۇڭا ئۇز ئارا ئۆگىنىش كېرەك. بۇ قېتىمقى يىغىن، قاتناشقۇچىلارنىڭ سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئاشۇردى. ئۇلار بۇ ئىشنى تۇتۇشقا ئالدىرىدى، بۇ، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن پايدىلىق بولدى، 80 - يىللار خىزمىتىگە يېڭى مەزمۇن قوشتى. نەق مەيدان يىغىنى ئاياللار خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىزدىكى ياخشى باشلىنىش.

بىر ئىدىيىنى ئازات قىلىپ، كونا رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتەك يېڭى پوزىتسىيە بىلەن خىزمەت ئىشلىشىمىز كېرەك. يولداش جاڭ گويىڭ كۆرسىتىپ كەتكىكە: تەشۋىقات ئېيىدا تەكشۈرۈپ چىققان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىش؛ ناھىيىدىن يۇقۇرى دەرىجىلىك قانۇن مەسلىھەتچىلەر تەشكىلىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش؛ قانۇنغا دائىر سوئاللارغا جاۋاپ بېرىش خىزمىتىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش؛ ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ ئاياللارغا "ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىنى ساقلاش، ئۆزىگە كۈيۈنۈش، قۇدرەت تېپىش" تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش؛ ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشقا ئائىت ماددىلارنى" بەشتە ياخشى" ئائىلە، "يېزا خەلق ئەھدىنامىسى" قاتارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنىغا كىرگۈزۈشتەك كونكرېتنى تەلەپلەرنى قويىدى.

جياڭشى ئۆلكىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى ۋەن شاۋفىن، قۇرۇلتاينىڭ روھىنى چوقۇم ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، جايلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تەشۋىقات ئېيى بۇ بىر يېڭى باشلىنىش. جياڭشى — ئىنقىلاۋىي بازا، ئەجدادلارنىڭ ئىنقىلاۋىي روھى ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ يېڭىلىق يارىتىشىغا ئىلھام بېرىدۇ.

# ئاياللارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى يېتىلدۈرۈش پۈرسىتى بولۇشى كېرەك

ھازىر دۇنيا مىقياسىدىن قارىغاندا، خىزمەتكە قاتناشقان ئاياللار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. مەسىلەن، شەرقىي گېرمانىيىدە خىزمەت ئىقتىدارى بار ئاياللارنىڭ (15 ياشتىن 60 ياشقىچە) 84% ى خىزمەت قىلماقتا. بىراق ئاياللارنىڭ ئۆز كەسپىدىن نەتىجە قازىنالىشى ئۈچۈن ھامان ئەرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ توسالغۇلارنى يېڭىشكە توغرا كېلىدۇ.

مەسىلەن، شەرقىي گېرمانىيىنىڭ شەھەر باشلىقلىرى ئىچىدە ئاياللار 20% نى، ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرلىرى 30% نى تەشكىل قىلىدۇ. پارلامېنت ئەزالىرى ئىچىدىكى ئاياللارنىڭ نىسبىتىمۇ بۇنىڭدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. ئەھۋالنىڭ مۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئاياللارنىڭ ئائىلە يۈكى بەك ئېغىر بولغانلىقى. 1970 - يىللىدىكى ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە ئاياللارنىڭ ئائىلە ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلغان ۋاقتى 78.7% نى، ئەرلەرنىڭ بولسا پەقەت 13% نى تەشكىل قىلغان. بۇنىڭدىكى سەۋەپ يەنىلا بەزى ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بىر تەرەپلىمە قارىغانلىقى. مۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراشلار ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر سىڭگەن. ئۆتمۈشتىمۇ، ھازىرمۇ بۇرژۇئازىيە ئالىملىرى بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەت، يەنى تۇغما خۇسۇسىيەت ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ پسىخولوگىيە جەھەتتىكى پەرقىنى بولۇپمۇ ئەقلى جەھەتتىكى پەرقىنى ئالدىن ئالا بەلگىلىگەن دېگەن قاراشتا بولماقتا. بەزىلەر ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ پەرقى ئالدى بىلەن جىنسىي ھورمونلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولسا، بەزىلەر چوڭ مېڭىنىڭ ئېغىرلىقى، مېڭە بۇدۇرىنىڭ شەكلى ۋە سانىنى مۇنازىرە دەلىلى قىلىپ، ئەر - ئاياللارنىڭ ئەقلى جەھەتتىكى پەرقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ.

لېكىن، ئەمەلىيەتتە بىز بىئولوگىيىلىك ئامىللارنىڭ ئەر - ئاياللاردا ئىپادىلىنىشى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدە ئاساسلىق رول ئوينىمايدىغانلىقىنى دائىم كۆزىتىپ كېلىۋاتىمىز. ئادەتتە بىزگە ھەر خىل، ھەر تىپتىكى ئەر - ئاياللار ئۇچراپ تۇرىدۇ، مەسىلەن، ئاكتىپ، قەيسەر، يوللۇق پىكىر قىلالايدىغان، تېخىمۇ سەۋىيىسى يۇقىرى ئاياللار بار. ئەكسىچە، زېرەك، ئەمما جۈرئەتسىز، تېخىمۇ قىلچە قىزىقمايدىغان ئەرلەرمۇ بار، شۇڭا ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى ئۇنىڭ بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى بەلگىلىمەيدۇ دەپ قارايمىز. مۇنداق بولمىغاندا تۆۋەندىكى پاكىتنى چۈشەندۈرۈش ناھايىتى تەس بولىدۇ. ھازىر پەن - تېخنىكا جەھەتتە نەتىجە قازانغان ئاياللار كىيورى خانىم دەۋرىدىكىدىن ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ بىئولوگىيىلىك پەرقى يەنى

جىنسىي خۇسۇسىيىتى جەھەتتىكى ئەھۋالى يەنىلا ئوخشاش. بۇنىڭدىن ئادەملەرنىڭ ئىش-ھەركىتىنى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى پەقەت بەزىبىر بىئولوگىيىلىك ئامىللارلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئىجتىمائىي شەرت-شارائىت، قائىدە-يوسۇنلارمۇ بەلگىلەيدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئائىلە تەربىيىسىدە، بەزى تەربىيە ئۇسۇللىرى تەبىئىي ھالدا ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا داۋاملىشىپ، قىسمەن كونا ئادەت-يوسۇنلار ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ سۆز-ھەركەتلىرىگە تەسىر قىلماقتا. كۆپلىگەن ئائىلىلەردە ئائىلە باشلىقلىرى قىز بالىغا قارىغاندا ئوغۇل بالىغا چوڭراق ھوقۇق بېرىدۇ. قىز بالا ئۆي ئىشلىرىنى ئوغۇل بالىغا قارىغاندا كۆپ قىلىدۇ. ئوغۇل بالىغا، ئۆز ھەۋىسىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ۋاقىت كۆپ چىقىدۇ. مۇنداق تەربىيەنىڭ، ئاڭ جەھەتتىن قىز بالىنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرىغا ئوخشاش تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ بىلەن بەزى ناتوغرا كۆزقاراشلار بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا شەكىللىنىدۇ-دە ئوغۇل بالىلار ئەلۋەتتە ئانىسى ۋە ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىشى، كەلگۈسىدە خوتۇنىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. قىز بالا بولسا ئاشۇ تەربىيە تۈپەيلىدىن چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ تەبىئىي ھالدا ئۆزىنى ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدىكى ئەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەزا دەپ تونۇيدۇ. شۇڭا يېشى چوڭايغانسېرى قىز بالىلارنىڭ ئۆز ئەقىل-پاراستىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋاقتى يەتمەي، يەن-تېخنىكا ساھەسىدە ئەرلەرگە ئوخشاش نەتىجە قازىنىشقا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ. شۇڭا ئاياللارنىڭ پسىخىكىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇلارنى تەرەققىي قىلىشتىن چۈشەپ قويىدىغان ئەنئەنىۋى ئادەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلاردا سوتسىيالىزمنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇن بولغان يېڭى ھەركەت ئۇسۇلىنى ھاسىل قىلىش لازىم. سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئاياللارنى ئازات قىلىش ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بەردى. ئەر-ئاياللار بىرلىكتە بالا تەربىيىلەش ۋە ئائىلە باشقۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى يېڭى مۇناسىۋەت، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىنى ئانىلىق مېھرىدىن ئىبارەت تەبىئىي خۇسۇسىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ئاياللارنىڭ پسىخىكىلىق يېتىلىش جەريانى ۋە ئىقتىدارىغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن باشقا بىئولوگىيىلىك ئامىلنىڭ تەسىرىگىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ. كۆپ ئەھۋاللاردا ھېيز كۆرۈشىمۇ ئاياللارنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ تۇراقسىز بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ھېيز كېلىشتىن بۇرۇن، ئاياللار ئىنتايىن ئاسان ھاياجانلىنىدۇ. ئاسانلا روھىي چۈشكۈنلۈككە ئۇچرايدۇ. بەزىدە ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچى قىسمەن تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ھېيز مەزگىلىدە ئاياللار تېخىمۇ ئاسان تېرىكىدۇ، ھېيزدىن كېيىن روھىي ھالىتى دەرھال نورماللىشىدۇ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئاشىدۇ. جىسمانىي ۋە ئەقلىي كۈچىمۇ ياخشىلىنىدۇ. ھېيزنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋاقىتلىرىدىكى ئەھۋالىغا قاراپلا كۆپ ھاللاردا ئاياللارنى مىجەزى غەلىتە، ياكى بوشاڭ دەيدىغان خاتا چۈشەنچە كېلىپ چىقىدۇ. بۇ، ئاياللارنىڭ پسىخىكىسى ئۈچۈن زىيانلىق. ئەگەر ئاياللارغا دوستانە، مۇلايىم كۆيۈنۈش پوزىتسىيىسىدە مۇئامىلە قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ھېيز سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ناچار كەيپىياتىنى يەڭگىللەتكىلى ياكى تۈگەتكىلى بولىدۇ.

تۇغۇت ئاياللارنىڭ بىر خىل فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى. لېكىن ھامىلدار بولۇشنىڭ پىلانلىق ياكى پىلانسىز مەجبۇرى بولۇشى ئاياللارنىڭ ئىككى قات بولۇشىغا نىسبەتەن ئوخشىمايدىغان ئەكس تەسىر پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ، بالا تۇغۇشنى خالىسا، ئۇ ھالدا ئۆزىدە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ھەركەتلىرىمۇ ئىنتايىن نورمال بولىدۇ. ئۇ يېڭى ئەھۋالغا ئۇيغۇنلىشىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ، خوشاللىق ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئانا بولۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بالا تۇغۇش بىلەن بىرگە پەيدا بولغان ئانا مېھرى يەنە تۇرمۇشنىڭ باشقا جەھەتلىرىگىمۇ كېڭىيىپ بارىدۇ. مەسىلەن، باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىش، ياردەم بېرىش، ھەسداشلىق قىلىش قاتارلىقلار. ئەگەر ھامىلدار بولۇشنى ئۈشتۈمتۈت ھېس قىلسا فىزىئولوگىيىلىك تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن پىسخولوگىيىلىك تولقۇنۇش ۋە يامان كەيپىيات يۈز بېرىدۇ.

شۇڭا ھامىلدار بولۇشتىن ساقلىنىش — ئاياللارنىڭ ئازات بولۇشى، مىجەزىنىڭ شەكىللىنىشىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. تۇغۇتتىن ئىلمىي ھالدا ساقلىنىش ئۇسۇللىرى كىشىلەرنى ئائىلىنى پىلانلىق تەشكىللەش، پىلانلىق تۇغۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئاياللارنىڭ ھامىلدار بولۇشقا نىسبەتەن ئەندىشىسىنى يېنىكلىتىدۇ. ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشنىڭ ئىناقلىقى ئاياللارنىڭ ئازات بولۇشى جەريانىدا بارلىققا كېلىدۇ. بىراق ھازىر بۇ جەھەتتە نۇرغۇنلىغان بىر تەرەپلىمە قاراشلار ۋە چەكلىمىلەر بار. مەسىلەن، بەزى ئەرلەر تۇغۇتتىن ساقلىنىشنى ئاياللارنىڭ ئىشى دەپ قارايدۇ. ئاقىۋەتتە، جىنسىي تۇرمۇش ئاياللارغا بىر خىل يۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويىدۇ. تۇغۇتتىن ساقلىنىشتا، ئەرلەر ئاياللارغا ئوخشاشلا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

بالا بېقىش ئىشىمۇ ھامان ئاياللارنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. بالىلار ئاغرىپ قالغاندا ئانا بولغۇچىلار بىئارام بولىدۇ. مۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ خىزمەت ئۈنۈمدارلىقىنىش تۆۋەنلەتمەي ۋەزىپىنى قەتئىي ئورۇنلىشى ئۈچۈن، مۇقەررەر ھالدا نۇرغۇن زېھنى ۋە جىسمانى كۈچىنى سەرپ قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئاياللارغا ھەسداشلىق قىلىپ ۋە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھ، تولۇق ئىشەنچ بىلەن خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىگە ئىلھام بېرىش كېرەك.

ما شۆشۇ تەرجىمىسى

# ئاياللارنىڭ سىردىشى

گو مىڭچيۇ

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

سەي چاڭ ھەدە ئۇلاپىلا مۇنداق دىدى: — ھازىر توغرا كۆرەش تاكتىكىسىغا ئىگە بولدۇق، ئۇ بولسىمۇ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئالدى بىلەن جۇڭگوغا قوراللىق تاجاۋۇز قىلغان ۋە جۇڭگونى مۇنقەرز قىلماقچى بولۇۋاتقان ياپون جاھانگىرلىگىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت. ياپون جاھانگىرلىگىنى يوقىتىش ئۈچۈن، پارتىيىمىزنىڭ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈشىمىز ھەمدە ئۆزلۈكسىز زورايتىشىمىز كېرەك. سوۋېت رايونىدىكى ئاياللارنىڭ ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشتىكى شۇئارى، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرەيلى، ھەممىنى ئالدىنقى سەپتىكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ غەلبىسىگە قارىتايلى، دىگەندىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. ئەينى چاغدا يولداش لىۋشاۋچىمۇ، يولداش لى فۇچۈنمۇ ئاممىۋى خىزمەت ئىشلەيتتى. ئامما يەر تەقسىم قىلىۋالغاندىن كېيىن، كەمبەغەل دىخانلارنىڭ خوتۇنلىرى ئەرلىرىنى، ئانىلار ئوغۇللىرىنى قىزىل ئارمىيە بولۇشقا ئەۋەتتى. شۇڭا «ئېرىنى قىزىل ئارمىيە بولۇشقا ئەۋەتىش» دىگەن ناخشا بارلىققا كەلگەن ئىدى. شۇ چاغدا ياشلار ۋە قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ 60 — 80 پىرسەنتى ئارمىيىگە قاتناشقان ئىدى. ھازىرقى قىزىل ئارمىيە تايانچىلىرىنىڭ كۆپچىلىگى سوۋېت تايانچ بازىلىرىدىن كەلگەن دىخانلار. ئەرلەر قىزىل ئارمىيىگە قاتناشسا، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاياللار ئۈستىگە ئالاتتى. شۇڭا سوۋېت رايونلىرىدا يەر ھەيدەش — يەر تېرىلاشنى ئاياللار ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بۇنىڭدىن ئاياللار خىزمىتىنىڭ تولىمۇ مۇھىملىغىنى، جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ ئىنقىلاپقا قانچە تۆھپە قوشقانلىغىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

يەنئەندىكى قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، سەي چاڭ ھەدە خوشال ھالدا ماڭا مۇنداق دىدى:

— شياۋ گو! يۈر، مەن ساڭا ماۋجۇشىنى كۆرسىتىپ كېلەي!

مەن بەك ھاياجانلىنىپ كەتتىم-دە، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم!

ماۋجۇشى ئۇ چاغدا يەنلا يەنئەن شەھىرىدىكى بىر قورادا تۇراتتى. قىزىل پۆپۈكلۈك قىلىچ تۇتۇپ پوستا تۇرغان مۇھاپىزەتچى بىزنى كىرگۈزۈۋەتتى.

شىمال تەرەپتىكى ئۆينىڭ دەرىزە تۈۋىدە ئۇزۇنچاقراق كەلگەن ئىش ئۈستىلى تۇراتتى. ئۈستەلنىڭ ئىككى بېشىغا كىتاپ، ئوتتۇرىسىغا قەلەم، سىيا، قەغەز قاتارلىقلار قويۇلغان بولۇپ، بۇ ماۋجۇشىنىڭ ئىشخانىسى ئىدى.

ئۆيگە كىرىپلا، سەي چاڭ ھەدە ماۋ-جۇشىغا:

— بۇ يولداش گو مىڭچيۇ،— دەپ تو-نۇشتۇردى.

ماۋجۇشى ناھايىتى بەستلىك ئادەم ئىكەن، مەن ماۋجۇشى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇم.

ماۋجۇشى مۇنداق دېدى:

— يولداش گو مىڭچيۇ، ئولتۇرۇڭ! سىز نەلىك؟

— مەن ساخارلىق.

— ئۇ جاي بەك قالاق ئىدى، ئۇ يەردىن قانداقسىگە سىزگە ئوخشاش كوممۇ-نىست چىقىپ قالدى؟

— مەن بېيپىڭدا ئوقۇغان.

— سىز ئاقلار رايونىدا نېمە خىزمەت-لەرنى قىلاتتىڭىز؟ — ماۋجۇشى يەنە سورىدى.

— يولداش لىيۇشاۋچىغا تېلېگرامما تەرجىمە قىلاتتىم، — دەپ جاۋاپ بەردىم.

ماۋجۇشى بىزگە ئاياللار خىزمىتى ئۈستىدە بىرئاز سۆزلىگەندىن كېيىن يول-داش سەي چاڭغا مۇنداق دېدى:

— يولداش سەي چاڭ، سىز ئايال كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىڭ، بېيپىڭ، شاڭخەيلەردىن كەلگەن قىز ئوقۇغۇ-چىلاردىن كۆپرەك كادىر تاللاڭ ۋە يېتىشتۈ-رۈڭ.

خوشلىشىش ۋاقتىدا، ماۋجۇشى بىزنى سەمىمى ئۇزىتىپ قويدى.



(يولداش سەي چاڭ يەنئەندە)

يەنئەنگە بارغاندىن كېيىن، بالامنى ئورۇنلاشتۇرالماي، خىزمەتتە قىينىلىپ قالدىم. شۇ چاغدا، بالىسى بارلىكى ئايال يولداشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەھۋالى شۇنداق ئىدى. يولداش سەي چاڭ ئايال يولداش-لارنىڭ قىيىنچىلىقىنى سەزگەندە، ماڭا مۇن-داق دېدى:

— بىز دە يەنئەندە ماكانلىشىپ قېلىش ئىدىيىسى بولۇش كېرەك، ئاقلار رايونىدىن كەلگەن باللار بىلەن قىزىل ئارمىيىدىكىلەر-نىڭ باللىرىنى يىغىپ، يەسلى قۇرۇش كېرەك. قىزىل ئارمىيە ھازىر ئالدىنقى سەپتە، ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىتلىرىنىڭ بە-زىلىرى ساۋاتسىز ياكى ساۋادى بەك تۆۋەن، ئۇلارنى تەشكىللەپ، قىزىل ئارمىيە ئائىلە-تاۋابىتلىرى مەكتىۋى قۇرۇپ، ئۇلارغا مەدە-نىيەت ۋە سىياسىنى ئۆگىتىشىمىز لازىم،

گو مىڭچيۇ، بىز چېگرا رايون هۆكۈمىتىگە بارايلى، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى ئېلىش كېرەك، ئۇلار گەمە كولىشىپ بەرسۇن!

يولداش لى فۇچۇننىڭ قولىلىشى ئارقىسىدا، چېگرا رايون هۆكۈمىتىدىكى يولداش پىڭ رۇ بىز ئۇچۇن هەممىنى تەييارلاپ بەردى، 1937 - يىلى قىشتىن تارتىپ گەمە كولاشقا كىرىشىپ، 1938 - يىلى ئەتىيازدا هەممە تەييارلىغىمىز پۈتتى - دە، يەسلى بىلەن قىزىل ئارمىيە ئائىلە - تاۋاباتلىرى مەكتىۋىنى قۇرۇۋالدۇق. بۇ ئىككىسىنى بىر ئورۇنغا جايلاشتۇرغاندا ئۆز - ئارا ئېتىۋار بېرىشكە بولاتتى. سەي چاڭ هەدە يولداش لى جېننى قىزىل ئارمىيە ئائىلە - تاۋاباتلىرى مەكتىۋىگە مۇدىرلىققا تەكلىپ قىلدى. يولداش دىڭ جىن يەسلىنىڭ باشلىغى بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يولداش چيۇ زىڭاڭ باشلىق بولدى.

ئۇزاق ئۆتمەي يولداش سەي چاڭ موسكۋاغا كەتتى، مەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە، يەنى غەربى جەنۇبىي سەنشىگە كەتتىم. 1939 - يىلى كۈزدە، مەن ئىككىنچى قېتىم يەنئەنگە باردىم. ئۇزاق ئۆتمەي سەي چاڭ هەدە مېنى مەركىزىي كومىتېت ئاياللار خىزمىتى بۆلۈمىگە يۆتكىدى، مەن دائىم ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇردۇم.

پارتىيىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيىدا، يولداش سەي چاڭ مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلاندى، كېيىن شەرقىي شىمال بيۇروسىغا بېرىپ ئاياللار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىلىغىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. 1947- يىلى، بىز سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى خاربىندا كۆرۈشتۇق.

بۇ چاغلار ئازاتلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى، يولداش لىن فىڭ بەك ئالدىراش بولۇپ، دائىم تۈن كېچىگىچە ئىشلەيتتى. مەن قىزىم گېڭ گېڭغا قاراش ۋە يولداش لىن فىڭنىڭ خىزمىتىگە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ مۇهىم ئىشلار كاتىۋى بولدۇم.

سەي چاڭ هەدە مېنى كۆرۈپ:

— گو مىڭچيۇ، سەن خىزمەت قىلىشنى ئويلىمامسەن؟ — دېدى.

— مەن كاتىپلىق قىلىۋاتىمەن.

— هىم، سېنىڭ خىزمىتىڭ كاتىپلىق قىلىشمۇ!؟

ئۇ، سەن ئېرىڭنىڭ كاتىۋى بولماسلىغىڭ كېرەك ئىدى، بۇ سېنىڭ خىزمىتىڭ ئەمەس، دەپ قارىغاندەك تۇراتتى.

— بالا بىلەن ئىشلەش بىسىپ ئىكەن، — دېدىم مەن، — يەنە بىر ئوغۇل تۇغۇپ ئاندىن تۇغمايمەن. سەي چاڭ هەدە تېخىمۇ خاپا بولۇپ كەتتى:

— سەن، سەن ئۇنچىۋالا تۇغۇپ نېمە قىلىسەن؟ — ئۇلاپلا يەنە سورىدى.

— ئاڭلىسام چاڭچۈنگە هۇجۇم قىلغان چاغدا سەن بىر ژورنال چىقارماقچى بولغان ئىكەنسەنغۇ، راستمۇ؟

مەن بۇنداق ئىش يوق دەپ جاۋاپ بەردىم، ئۇ مېنى ئاياللار خىزمىتىنى ئىشلەشكە يەنە دەۋەت قىلدى.

ئۇ چاغدا، يولداش لى فۇچۇن شەرقىي شىمال بيۇرونىڭ دائىمىي ئەزاسى بولۇپ، پارتىيە ئىچىدە سانائەت، مالىيە خىزمىتىگە مەسئۇل ئىدى. يولداش لىن فىڭ شەرقىي شىمال بيۇرونىڭ تەشكىلات بۆلۈم باشلىغى، قوشۇمچە شەرقىي شىمال مەمۇرى هەيئىتىنىڭ مۇدىرى ئىدى. خىزمەت مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن، بىز سەي چاڭ هەدە بىلەن دائىم بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇراتتۇق. 1947 - يىلى بىز ئىككى ئائىلە خاربىن شەهرىنىڭ

نەنگاڭ رايونى يېڭىتيەن كوچىسىدا ئۆدۆل ئولتۇردۇق.

خارىبىنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىنىڭ بەزىلىرى ئېگىز كاتتا ئىدى، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئايرىم قوراسى، ھەممىسىنىڭ باغچىسى بار ئىدى. بىز قوراغا گۈل تېرىغان ئىدۇق، ھەر يىلى ھاۋا ئىللىغان چاغلاردا گۈللەر ئېچىلىپ ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى. چوغلۇق ۋە مەدەنگۈل ئېچىلغان چاغدا، سەي چاڭ ھەدىنى گۈل سەيلىسىگە چاقىراتتۇق.

بىر كۈنى سەي چاڭ ھەدە كېلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بەزى قورالارغا كۆمىلە قوناق تېرىدى، سەن قورايىڭغا گۈل تېرىپسەن، ھە، ئاڭلىسام ئۇستۇڭنى قەۋەتتىكى ئۆيۈڭنى بەك پاكىز دېيىشىدۇ.

بىر دەمدىن كېيىن، ئۇ سۆزنى بۇراپ مۇنداق دېدى:

— گو مىڭچىيۇ، سەن قايتىدىن باللار باغچىسى خىزمىتىنى ئىشلىگىن، بۇ يەنئەننى ئەسلەش - تە!

مەن دەرھال جاۋاپ بەرمىدىم، ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:

— ھەدەڭ تېخىچە مۇشۇ خىزمەتنى ئىشلەۋاتىدۇ! سەن ئىشلىمەمسەن، - يوق؟ ئەتە مەن بىلەن باللار باغچىسىنى كۆرۈپ كەلگىن!

سەي چاڭ ھەدىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مەن يەنە ئاياللار - باللار خىزمىتىنى قىلىشقا باشلىدىم.

1947 - يىلى باش يازدا، شەرقىي شىمال ئازات رايونىدا يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى، سەي چاڭ ھەدە بۇ ھەركەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۇ مۇنداق دېدى:

— بۇ مىڭ يىللار مابەينىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان، دېھقانلارنىڭ ئۇلۇق ئىنقىلاۋىي كۈرىشى، ئايال كادىرلارنىڭ بۇ خىزمەتكە ئاتلىنىپ، يېزىلارغا بېرىپ، ئاممىنى ئومۇمىي يۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىشقا ئىلھام بېرىش كېرەك.

پارتىيىنىڭ چاقىرىقى قىلىشى، يولداش سەي چاڭنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى ئارقىسىدا، نۇرغۇن ئايال يولداشلار يەر ئىسلاھاتىنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلاندى، ئۇلار كۈرەش داۋامىدا ئۆسۈپ يېتىلدى، بەزىلىرى يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولدى، بەزىلىرى دېھقانلار ھەيئىتىنىڭ مەسئۇلى بولدى.

ئوسمان مەللەك تەرجىمىسى




— ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى دوتسېنت ھەلىمە ئابدىرىشىتنى زىيارەت

دېھرىنىسا ئابلىمىت

مەن ھەلىمە ئاپپاينى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمدە ئۇ كىتاپلار يېيىلغان ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ، نەشرگە تەييارلانغان «شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش» دېگەن كىتاۋىنىڭ كوررېكتورىنى كۆزدىن كۆچۈرۈۋاتقان ئىكەن. ئۇ كىتاۋىغا شۇنچىلىك قادالغان ئىدىكى، ھەتتا مېنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمنىمۇ تۇيمىدى.

— بۇ ئىشقا بەكمۇ قىزىقاتتىڭىز، ئاخىر باشقا ئېلىپ چىقمىغىچە قويماپسىز-دە،—دېدىم مەن ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈپ. شۇ چاغدىلا ئۇ مېنىڭ كىرگىنىمنى بىلدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ مەن بىلەن سالاملاشتى ۋە مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— بۇ ئىشنى تېزرەك پۈتكۈزۈۋېتەي دېۋىدىم،—دېدى ئۇ، سۆزۈمگە جاۋابەن.

— بۇ كىتاۋىڭىز تەييار بوپتۇ، يەنە بىر كىتاۋىڭىز قانداق بولدى؟ — دەپ سوردۇم ئۇنىڭدىن.

— «يەر ئاستى سۇلىرىدىن ئاساسىي بىلىم ۋە شىنجاڭ يەر ئاستى سۇلىرى» ھەققىدە دېگەن كىتاپنى دەمسىز؟ ئۇمۇ پات ئارىدا نەشردىن چىقىدۇ.

ھەلىمە ئابدىرىشىت كىچىكىدىنلا پەننى سۆيىدىغان ئەقىللىق، زېرەك قىز ئىدى. ئۇ 16 ياشلىق ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىدا باشتىن-ئاخىر ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقىدى. 1954-يىلى سابىق شىنجاڭ شۆيۈەنى فىزمات فاكۇلتېتىنىڭ ئاساسىي فىزىكا سىنىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بۇ چېچەن قىزغا مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ كۆزى چۈشتى. رەھبەرلىك ئۇنى تاللاپ مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ بەردى. ئۇنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك خۇشال بولدى. ھەم ئالاھىدە تىرىشىپ ئوقىدى. 18 يېشىدا شەرەپ بىلەن پارتىيىگە كىردى. ئۇ بىر يىل خەنزۇچە ئۆگەنگەندىن كېيىن ئېھتىياج بويىچە ۋۇخەن سۇ ئېلېكتر ئىشلىرى شۆيۈەنىگە ئىلىم-بىلىم غەزنىسىگە ئوقۇشقا باردى. مانا ئەمدى ئىلىم-پەن دەرۋازىسى ئۇنىڭغا كەڭ قۇچاق ئاچقان ئىدى. بىراق ئۇ بۇ شۆيۈەنگە كەلگەندىن كېيىن ھە دېگەندىلا قاتمۇ-قات قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. سۇ ئىشلىرى ئىلمىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە ئاساسى كۈچلۈك بولۇشى، سۇ ئىشلىرى ئىلمىدە مۇھىم بولغان خىمىيە، ئىستىرومېتىرىيە، چىرچىنىيە

دەرسلىكلىرنى مۇكەممەل ئىگەللىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەرخىل شۇئىلەردە سۆزلىگەن دەرسلىرنى چۈشىنىش، تارقاتقان قوليازما دەرسلىك قوللانمىلىرنى كۆرۈش، سىنىپتىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن تەڭ مېڭىش بۇ ئۇيغۇر قىزى ئۈچۈن ئاسانغا چۈشمەيتتى، ئەلۋەتتە.

ئۇنىڭ ئىلىم - پەن ئۈچۈن پەرۋانە قەلبى ئۇنى بۇ ئېغىر مۇشكۈللەرنى يېڭىشتە غەيرەت - شىجائەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدى. ئۇ مىنۇت، سىكۇنتنى قەدىرلەپ، بىر ياقتىن خەنزۇ تىل - يېزىقىنى چىڭقۇرلاپ ئۆگەنسە، بىر ياقتىن بوش ۋاقىتلىرىدا سۇ ئىشلىرى ئىلمىنى ئە- گەللەشتە زۆرۈر بولغان دەرسلىكلەرنى ئۆ- گەندى. ئاددى - ساددا ياشايدىغان، باش كۆتەرمەي ئۆگىنىدىغان بۇ تىرىشچان قىزغا ئۇستازلىرى ۋە ساۋاقداشلىرى ناھايىتى ئام- راق ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ھەر تەرەپلىمە ياردەم قولىنى سۇندى. ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنىڭغا ھەمىشە: "ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدىن ئىن- ژېنېر يېتىشتۈرۈپ شىنجاڭنىڭ ئىلىم - پەن ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ياردەم بېرىش — بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز. سىز شىنجاڭ ئايال- لىرى ئىچىدە سۇ ئىلمىنى ئۆگىنىۋاتقان تۇنجى ئەۋلات. قانداق قىيىنچىلىققا يولۇقسىڭىز بىزگە ئېيتىڭ، ھەرقانداق چاغدا سىزگە ياردەم بېرىمىز. قەتئىي ئىرادە بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىڭ" دەپ مەدەت بېرەتتى. ساۋاقداش- لىرى شۇڭ لياڭيىڭ، خۇاڭ خۇمىلەر ھەلىمە ئۈچۈن ھەم مېھرىۋان دوست، ھەم كۆيۈمچان قېرىنداش بولدى. ھەلىمە ئۇلار بىلەن دەرسنى بىللە تەييارلايتتى، بىللە يۈرەتتى، ھەرقانداق سىرلىرنى يوشۇرۇشماي ئېيتىشاتتى، ئۆزئارا كۆيۈنەتتى، ئۇ بۇ دوستلىرى بىلەن دەم ئېلىش، ھېيت - بايرام، ھەتتا قىشلىق، يازلىق تەتىل كۈنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىش



بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ 6 يىلغىچە بىر قېتىممۇ ئائىلىسىگە قايتماي "ئۈچتە ياخشى ئوقۇ- غۇچى" دىگەن نام بىلەن مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭغا بىراقلا قايتتى.

بىلىم — بىر دېڭىز، ئۇنىڭ چېكى يوق. سۇ ئىشلىرى پەنلىرى بولسا ھەممە پەنلەر بىلەن چېتىشلىقى بار، يۈكسەك پەللىگە چىقىش قىيىن بولغان، مۇرەككەپ پەن. ۋەخەندە سۇ ئىشلىرى ئىلمىنى مۇكەممەل ئىگەللەپ كەل- گەندىن كېيىن 1961 - يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنىڭ سۇ ئىشلىرى پاكۇلتېتىغا تەقسىم قىلىنىپ، ئۇنىڭغا سۇ ئىشلىرى ئىلمىنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسى يۈكلەندى، بۇ چاغدا ئۇ ئۆز بىلىمىنىڭ گويا دېڭىزنىڭ بىر تامچىسىلا ئىكەنلىكىنى، يەنە ئىزچىل چوڭقۇرلاپ ئۆگە-

نىشىنىڭ زوْرۇرلىگىنى، شۇنداق قىلغاندا
زىممىسىدىكى يۈكنىڭ ھەددىسىدىن چىققىلى
بولىدىغانلىغىنى ھىس قىلىپ، يېڭىۋاشتىن
ئۆگىنىشكە كىرىشتى. ئۇنىڭغا دەسلەپتىلا
خەنزۇ سىنىپلىرىغا ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرى
دەرسلىگىنى بېرىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى.
ئەمدىلا جەمىيەتكە چىققان تەجرىبىسىز،
ياش ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن بۇ ناھايىتى ئېغىر
ۋەزىپە ئىدى. ئىلىم - پەننىڭ يۈكسەك چوققىسىغا قاراپ ئۆرلەۋاتقان بۇ يىلدانى - نى
مۈشكۈللەرنى قەيسەرلىك بىلەن يەڭگەن
ھالدا بۇ ئېغىر يۈكنى دادىللىق بىلەن
ئۈستىگە ئالدى. ئۇ كېچە - كېچىلەپ ماتېرىيال
كۆردى، دەرسلىك قوللانمىلىرىنىلا ئەمەس،
سۇ ئىنشائاتلىرى ئىلمىغا ئائىت نۇرغۇن كىتاپ -
ژورنال، ماتېرىياللارنى ئۆگىنىپ بىلىمىنى
بېيىتتى. خەنزۇ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئۆز -
لىرىگە قانغىدەك بىلىم بەرگەن بۇ ئۇستازىدىن
مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى: "ئۇيغۇر ئاياللىرىدىن
چىققان قابىل ئۇستاز" دەپ تەرىپلىشەتتى،
ئىشنىڭ دەسلىۋىدىلا ئۇ ئەنە شۇنداق رەھبەرلىك ۋە ئاممىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. ئۇ
راسا ئۆگىنىپ، تازا ئىشلەۋاتقان بىر مەزگىلدە ساپ ھاۋانى قارا تۇتەك قاپلاپ قالايمىقانچىلىق يىللار باشلىنىپ كەتتى. ئۇ "سېسىق
زىيالى"، "ئىلىم نوپۇزلىغى" ھىساپلىنىپ
كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ
ئىشلار ئۇنىڭ ئىلىم - پەن ئىشقىدا يالقۇنلاۋاتقان چوغدەك قەلبىگە سۇ سېپەلمىدى. ئۇ
ئۆگىنىشنى تاشلاپ قويمىدى. بۇلۇتلار تارقاپ،
ھاۋا ئېچىلىپ، ئىلىم - پەننىڭ باھارى قايتا
باشلانغاندىن كېيىن ئۇ ئىچ - ئىچىگە سىغمىغان خۇشاللىغىنى غەيرەتكە ئايلاندۇرۇپ،
تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگەندى. قايتىدىن دەرس
مۇنبىرىگە چىقىپ، توْمۇر بىتون قۇرۇلمىلىرى،
نەزىرىيە مېخانىكىسى، ماتېرىياللار
مېخانىكىسى، قۇرۇلمىلار مېخانىكىسى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈش ۋەزىپىسىنى
تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ 4 كىشى ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان بۇ دەرسلەرنى دادىللىق بىلەن
ئۈستىگە ئېلىپ، بىر تەرەپتىن كۆپ ماتېرىيال
كۆرۈپ، ھەربىر دەرس ئۈچۈن ئايرىم
كونسېپىك تۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن مىللى
تىل - يېزىقىدا سىستېمىلىق دەرسلىك قوللانمىسى تەييارلاشقا كىرىشتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ، بىلىمىنى چوڭقۇرلىتىش ئۈچۈن
رۇسچە ئۆگەندى، كېيىنرەك ئىنگلىزچىمۇ
ئۆگەندى. 70 - يىللار ئۇنىڭ ئوتتۇرا ياشقا
كەلگەن مەزگىلى بولۇپ، خىزمىتىنىڭ، تۇرمۇشىنىڭ ئېغىر يۈكى ئۇنىڭ زىممىسىدە ئىدى.
جۈرئەتلىك ھالدا "ئىرادە بولسىلا چىققىلى
بولمايدىغان تاغ، ئۆتكىلى بولمايدىغان داۋان
يوق" دىگەن روھ بىلەن زىممىسىدىكى يۈكلەرنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىش ئۈچۈن قاتتىق
بېرىلىپ ئۆگەندى ۋە ئىشلىدى. ئاخىرى ئۇ
«بىناكارلىق قۇرۇلمىلىرى»، «سۇ قۇرۇلۇشىدىكى توْمۇر بىتون قۇرۇلمىلىرى»، «قۇرۇلۇش
مېخانىكىسى ۋە قۇرۇلمىلىرى» قاتارلىق
دەرسلىك ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان «نەزەرىيە مېخانىكىسى»، «ماتېرىياللار مېخانىكىسى»، «قۇرۇلمىلار مېخانىكىسى»، «توْمۇر
بىتون قۇرۇلمىلىرى» دەرسلىك قوللانمىلىرىنى
تۈزۈپ چىقتى. شۇ كۈنلەردە ئۇ تازىمۇ
چارچىغان ئىدى. بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ئۇ
بالىسىنى سىرىتقا ئېلىپ چىقماقچى بولۇپ
ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك يېنىغا بارغىچە بېشى
قېيىپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىدىن كەتكەن
ئىدى... دوختۇر ئۇنىڭغا ئۇزۇن مۇددەت دەم
ئېلىشنىڭ زۆرۈرلىگىنى ئېيتتى. لېكىن يەلكىسىنى شۇنچە يۈك بېسىپ تۇرغان ھالدا
قانداقمۇ دەم ئالالىسۇن؟! ئۇ بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا يەنە دەرسلىرىنى قولىغا ئالدى.

سۇ — يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى. سۇ ئىشلىرى ئىلمى ئەنە شۇ جان تومۇرنى راۋاجلاندۇرىدىغان پەن. شۇڭا بۇ پەننى ئىگىلىمەي تۇرۇپ سۇ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ داۋلىنى ياخشى چۈشەنگەن ھەلىمە شۆيىۋەن قارىمىقىدىكى مەركىزىي يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئېچىلغان كادىرلار كۇرسىغا دەرس ئۆتۈش جەريانىدا، تۆۋەندىن كەلگەن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سۇ ئىشلىرى ئىلمىدىن تولىمۇ خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى، ئۇلارغا شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقلىرى ۋە سۇ بايلىقىدىن قانداق پايدىلىنىش يوللىرىنى، سۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى بىلدۈرمەي تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەخسۇس بۇ تېمىدا ئىزلەندى. ئۇزۇن يىل جاپالىق ئىزلىنىش ئارقىسىدا، بۇ تېمىدا يېزا ئىگىلىك كادىرلىرى ئۈچۈن 2 كىتاپ يېزىپ چىقىپ، سۇ ئىشلىرى ئىلمى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتتى. بۇ شىنجاڭنىڭ سۇ ئىشلىرى ئىلمى توغرىلىق مىللىي تىلدا يېزىلغان دەسلەپكى مىسال. ئۇ بۇ يولدا يەنە ئىزلىنىپ، «تۆمۈر بىتون قۇرۇلمىلىرىنىڭ يىغىنچە ھېساپلاش نەزەرىيىسى» دېگەن ئىلمىي ماقالىنى يازدى، «كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش» دېگەن كىتاپنى 2 ئوقۇتقۇچى بىلەن بىرلىكتە تەرجىمە قىلىپ چىقتى.

ئەجرى كۆپنىڭ ھۆرمىتى چوڭ. ھەلىمە ئابدىرىشىت 22 يىلدىن بۇيان سۇ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش يولىدىمۇ نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرگەن تەجرىبىلىك، ھۆرمەتلىك ئوقۇتقۇچى. ھەلىمە مەكتەپتە بىرقانچە قېتىم ئىلغار ۋە "8-مارت" قىزىل بايراقدارى بولۇپ باھالاندى. 1979-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 4-نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولدى. 1983-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىمۇ ئۇنىڭ ئەمگىكىنى كۆردى. 1982-يىلى ئۇ قۇرۇلۇش قۇرۇلمىلىرى كافېدراسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. 1982-يىلى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق مېخانىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولدى. 1983-يىلى ئۇنىڭغا دوتسېنتلىق ئۇنۋانى بېرىلدى.

— مەن، — دېدى ھەلىمە ئابدىرىشىت سۆھبىتىمىزنىڭ ئاخىرىدا — يۈكۈمنىڭ بارغانچە ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى، ئەمما خىزمەتتە چەكلىك ۋاقتىمنىڭ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، جىددىيلەشمەكتىمەن. مەن پۈتۈن ئۆمرۈمنى سۇ ئىشلىرى ئىلمىغا بېغىشلاپ، بۇ پەننىڭ قىيىن ئۆتكەللىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، چەكلىك ۋاقتىمنى پۈتكۈزمەكچى بولغان سانسىز ئىشلارغا يەتكۈزۈپ، ئېلىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا ئىرادە تىكلىدىم.




ئەمەت توقى

ناۋادا سىز بىرەر ئىش بىلەن باي ناھىيىسىنىڭ تاغلىق رايونىغا جايلاشقان قارۋاغ گۆكشېسىغا بېرىپ قالسىڭىز، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قىرغىز مىللىتىدىن يېتىشىپ چىققان تۇغۇت ئانىسى گەرمۇشخاننى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ماختىشىدىغانلىقىنى ئاڭلايسىز. گەرمۇشخان قانداق قىلىپ ئامما ياخشى كۆرىدىغان تۇغۇت ئانىسى بولۇپ قالدى.

1965-يىلدىن ئىلگىرى قارۋاغ گۆكشې دوختۇرخانىسىدا بىرمۇ تۇغۇت ئانىسى يوق بولۇپ، گەرمۇشخاننىڭ يەڭگىسى ئاخىرقى تۇغۇتىدا ھەمىرىيىسى چۈشمىگەنلىكتىن 4 بالىسىنى يېتىم قالدۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە گەرمۇشخان ئىككى قېتىم تۇغۇتتا خەتەرلىك ئەھۋالدا قېلىپ، ئەر دوختۇرنىڭ ياردىمى بىلەن يەڭگەندە ئۇ قورۇنۇپ روھىي جەھەتتىن ئازابلانغان. مانا شۇنداق بىر قاتار ئەمەلىي قىيىنچىلىقلار گەرمۇشخاندا: "نەچچە يۈزلىگەن ئانا - بالىلارنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان 'تۇغۇت ئانىسى' نى ئۆز ئارىمىزدىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگىلى بولامسىمۇ، دېگەن ئىدىيە تۇغۇلغان".

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ 1965-يىلدىن باشلاپ پېشقەدەم دوختۇرلارنى ئۇستاز تۇتۇپ تۇغۇت ئىشىدىكى بىر قاتار بىلىملەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىشكە باشلايدۇ، گەرمۇشخان بىرەر جايدىكى تۇغۇت خەۋىرىنى ئاڭلاپلا قالسا، قىش - ياز، كېچە - كۈندۈز دېمەستىن دەرھال شۇ يەرگە بېرىپ تۇغۇت قوبۇل قىلىش تېخنىكىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئۇ 18 يىل جەريانىدا 600 دىن ئارتۇق ئايالنى ساق - سالامەت يەڭگىتىپ كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. بىر قېتىم گۆكشېدىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يايلاقتىن ئۇيغۇر چارۋىچى شاۋانەمنىڭ تۇغۇتى قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كېلىدۇ، گەرمۇشخان سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان شىۋىرغانغا قارىماي دەرھال ئات بىلەن يولغا چىقىپ، يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە يېتىپ بارىدۇ. بۇ چاغدا قوساقتىكى قوشكېزەك بالا تونجۇقۇپ ئۆلگەن بولۇپ، شاۋانەم ئاللىقاچان ھوشىدىن كېتىپ ھاياتى ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالغان ئىدى، گەرمۇشخان ئەمەلىيەت جەريانىدىكى تەجرىبىسىگە ئاساسەن چەبدەسلىك بىلەن پەم ئىشلىتىپ، تونجۇقۇپ ئۆلگەن بوۋاقنى ئېلىۋېتىپ شاۋانەمنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ.

يەنە بىر نۆۋەت نەسىلىك چارۋا مەيدانىنىڭ 2-ئىيەندىكى رۇقىيە دېگەن ئايالنىڭ بالىسى تەتۈر كېلىپ قالغاندا

گەرمۇشخان دەرھال يېتىپ كېلىپ، ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالدۇ.

34 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى داۋاندىن كەلگەن بىر ئىككى قات خەنزۇ ئايالنى تەكشۈرگەندە ئەھۋالى ناھايىتى خەۋپلىك ئىكەنلىكى ئېنىقلاندۇ، بىراق دوختۇرخانىدا بوش كارۋات يوق ئىدى. گەرمۇشخان مانا شۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ناتونۇش بۇ خەنزۇ قېرىندىشىغا ھەمداشلىق قىلىپ، ئۆز ئائىلىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يوتقان-كۆرپىلىرىنى سېلىپ بېرىپ، كۆڭۈل قويۇپ داۋالاپ، ساق-سالامەت تۇغدۇرىدۇ ھەمدە قۇۋۋەتلىك تائاملار بىلەن باققاندىن تاشقىرى، ئۆزىنىڭ رەخت، پاختىلىرىدا يۆگەك تىكىپ بېرىپ يولغا سالدۇ.

گەرمۇشخان ھازىر يالغۇز تۇغۇت دوختۇرلا ئەمەس، قاراۋاغ گۆڭشې دوختۇرخانىسىنىڭ ئاساسلىق سېستىرالىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى، 1981-يىلى ئۇ يۇقۇملۇق دېزىنتېرىيە كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ياتاقتا ئېلىنغان 5 ياشتىن تۆۋەن 12 بالىنىڭ چېچەكە تومۇرىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاسما ئوكۇل بېرىدۇ.

گەرمۇشخاننىڭ ئېغىر ھالدا ئاشقازان يارىسى ۋە نېرۋا ئاجىزلىق كېسىلى بار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزمەي جاپالىق ئىشلەيتتى. ئۇ ھەر بىر ئانىنى قۇتقۇزۇپ قالغاندا ئۆزىنى بەختلىك ھېساپلايتتى. 1970-يىلىدىن باشلاپ گەرمۇشخان گۆڭشې دوختۇرخانىسىنىڭ ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۇشۇ جەرياندا ھەر يىلى دىگۈدەك ئىلغار خىزمەتچى، ئىلغار ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خادىمى بولۇپ باھالىنىپ گۆڭشې ۋە ناھىيىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.



# جەمئىيەت خەۋەرلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەسىرى ۋە ئۇلارنى يېتەكلەش ھەققىدە

— ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيە ھەققىدە ئىزدىنىش

دىلك بىگدۇەن

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى جەمئىيەتتە سىياسى، ئىقتىسات، ئىدىيە، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەسىرلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، يەنى، جەمئىيەت خەۋەرلىرىنىڭ ئۇلارغا بولغان تەسىرى بىر قەدەر زور بولىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پائالىيەت دائىرىسى كەڭ، خەۋەرلەرنى ئاڭلىشى كۆپرەك بولىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دۇنياقارىشىنى شەكىللەندۈرۈش باسقۇچىدا تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ شەيئىلەرگە قارىتا مۇقىم كۆزقارىشى تېخى شەكىللەنمىگەن بولىدۇ، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر قىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، جەمئىيەتتىكى بەزى ئىشلار ئۈستىدە مۇلاھىزىلەرگە قاتنىشىپ، ئوخشاش بولمىغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغۇسى، مۇنازىرىلەشكۈسى كېلىدۇ. ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىنغاندا، ئۇلار ئاسانلا مىش-مىش گەپلەرنى ئاڭلايدۇ ھەم باشقىلارغا يەتكۈزىدۇ. گەپ-سۆزلەردە ئائىلىسىنىڭ تەسىرى بولىدۇ. ئاتا-ئانىلىرىنىڭ گەپ-سۆزلىرىدە ئىپادىلەنگەن شەيئىلەرگە بولغان باھاسى بالىلارنىڭ ئىنتىلىشىگە، يوشۇرۇن ھالدا نىشان بېكىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3-يىللىقىدا ئوقۇيدىغان بىر قىز ئوقۇغۇچى بىلەن ئوغۇل ئوقۇغۇچى خىمىيە تەجرىبە دەرسىدە جىدەللىشىپ قاپتۇ. ئەسلىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى تەجرىبىدە ئىشلىتىلگەن سولفات كىسلاتاسىنى ھاجەتخانا تازىلىقى ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى بولۇپ بوتۇلكىغا قاچىلىغاندا، قىز ئوقۇغۇچى: "بۇ مەكتەپنىڭ مۈلكى، شەخسى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ" دەپ ئالدۇرماي قىزىرىشىپ قاپتۇ. بۇ ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كۆرسەك قىزنىڭ ئاپىسى ئادىل، ناچار ئىستىللارغا قارشى تۇرالايدىغان ئايال ئىكەن، ئوغۇلنىڭ دادىسى بولسا ھەمىشە بالىلىرىغا "ئومۇمنىڭ نەرسىسىنى ئېلىش، ئوغرىلىق ھېسابلانمايدۇ" دېگەنگە ئوخشاش ناتوغرا سۆزلەرنى قىلىدىغان ئادەم ئىكەن. بۇنىڭدىن ئوقۇغۇچىلار ھەركەتتە ئاتا-ئانىلارنىڭ پەزىلىتىنى ئەينەك قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمى ئىككى چوڭ خەۋەر مەنبەسى ئارقىلىق كېلىدۇ، بىرى — مەكتەپتىن، بىرى — جەمئىيەتتىن، زامانىۋىلاشقان ئالاقىلىشىش قوراللىرى جەمئىيەتتىكى ھەرخىل خەۋەرلەرنى ناھايىتى تېزلىكتە جەمئىيەتنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغا يەتكۈزۈ-

ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى چىمك تەنچۇ، ماۋ زېمىن،
لەن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلاۋى قۇربانلار ۋاپاتىنىڭ 40 يىللىغى-
نى خاتىرىلەش ئۈچۈن كەلگەن ئايال يولداشلارنى كۈتۈۋالدى.



١ . يولداش ماھىنۇر
مىھمانلارنى قىزغىن قار-
شى ئالدى.



2 . ئىنقىلاۋى قۇربان چۈي-
چۈبەينىڭ قىزى چۈي دۈيى كۆ-
تۈۋېلىش يىغىنىدا ئۇسۇل ئوينىدى.





3 . ئىنقىلاۋى قۇر-
بان دۇجۇڭيۇەنىڭ قىزى
دۇيى سوز قىلدى.

4 . ئىنقىلاۋى قۇر-
بان دېڭ فانىڭ قىزى
دېڭ جىنا كوڭۇل
ئېچىش سورۇنىدا.

ياڭ جىچىڭ فوتوسى

مەرۋايىت، بالىلىق چاغلىرىدىن
سەنئەتنى ھەۋەس قىلغان. 1974
سەنئەت مەكتىۋىنىڭ رەسساملىق
ئوقۇغان. 1979-يىلى غەربىي ش
ئىنستىتۇتىنىڭ گۈزەل-سەنئەت يا
ئوقۇغان. 1983-يىلى 7-ئايدا
نەتىجە بىلەن ئۆگىنىپ ئايال رە
بولۇپ قالدى. تۆۋەندە ئۇنىڭ مە
بىرنەچچىنى تونۇشتۇرىمىز:



# 维吾尔族青年家玛尔瓦油画六幅。





# ياش رەسسام مەرۋايت



باشلاپ گۈزەل
يىلى شىنجاك
نىپىدا 3 يىل
سال مەلمەتلەر
ۋاتتىدا 4 يىل
ئامەكتەپنى نەلا
ساملارنىك بىرى
ر رەسىملىرىدىن

女画
习作





# چارۋىچىلىق سېپىدىكى نەمۇنىچىلار

١. مەملىكەتلىك 5 ـ نوۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمى ھەيئىتى بىكەن، ھەر يىلى مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ تۇللەرنى يۈز پىرسەنت ئەي قىلىپ كەلمەكتە.





٢. ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نوۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاراتۇرۇك ناھىيە تۈزكول چارۋىچىلىق فېرمىسى 2 ـ شوبە فېرمىسىنىڭ چارۋىچىسى ئاقزىلىق چارۋىلارنى بېرۋىش قىلىشتا ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ مەملىكەتلىك "8 ـ مارت" قىزىل بايراقدارى بولۇپ باھالاندى.



٣. ساۋەن ناھىيە فەنشىۋ چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ چارۋىچىسى بەخت. ھەر يىلى ئىلغار چارۋىچى بولۇپ كەلمەكتە.

سۈرەتلەرنى جايلاردىكى ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئەۋەتكەن.

دىغان بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارغا بېرىدىغان تەسىرنى تېزگىنلىشىمۇ قىيىن. شەھەرلەردە تېلېۋىزور تەدرىجى ئومۇملىشىپ جەمئىيەت خەۋەرلىرىنىڭ ئائىلىلەرگە بولغان تەسىرىنى تېزلەتكەن. كەڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تېلېۋىزور، كىنولارنىڭ سادىق تاماشىبىنى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژ ـ ئوبرازلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ دوراش ئوبيېكتى، زور مىقداردىكى كىتاب ـ گېزىت ـ ژورناللار، ناخشا ـ مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى قاتارلىقلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك دۇنياسى، ئىدىيە ـ پەزىلىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى يېڭى خەۋەرلەرنى تېز ئاڭلايدۇ، بىراق توغرا ئانالىز قىلىش ئىقتىدارى كەم بولىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلار كىنو، تېلېۋىزوردا چامباشچىلارنىڭ بوتخانىلارغا ئارتىلىپ چىقىپ تاملاردىن سەكرەپ ئۆتكەنلىرىگە زوقلىنىپ، مەكتەپلەردە، كوچىلاردا ئالا ـ توپىلاڭ قىلىپ، جوزا ـ بەندىڭلەرنى تېپىپ، تاملارغا يامىشىپ چىقىپ، ئېگىز يەردىن سەكرەيمەن، دەپ پۇت ـ قوللىرىنى سۇندۇرۇپ ئېلىش ياكى چامباشچىلىقنى ئۆگىنىمەن دەپ ئوقۇشنى تاشلاپ ئۇستاز ئىزلەش ئەھۋاللىرى بولغان. دوراش باللارنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتى. بۇلارنى چەكلەش، تەنقىتلەش، بېسىم قىلىش بىلەن ئىشنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. ئاچقۇچلۇق مەسىلە، ئۇلارنى ئىجابىي جەھەتتىن يېتەكلەشتە. باللارغا كۆپرەك قەھرىمانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، كەلگۈسى غايە تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

جەمئىيەت خەۋەرلىرىنىڭ ياخشىسىمۇ بار، يامىنىمۇ بار. ھازىرقى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سىرتقا قارىتا ئىشىكنى كەڭ ئېچىپ، مەملىكەت ئىچىدە ئىقتىساتنى جانلاندۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلمەكتە. سىرتقى خەۋەرلەرنىڭ ئاكتىپ تەسىر بېرىدىغانلىرى بار، مەسىلەن: ئىلغار تېخنىكىنىڭ كىرىشى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كېڭىيىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بىلىمىنى ئاشۇرىدۇ؛ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئۆزىنى بېغىشلاش مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىدۇ. بىراق بۇرژۇئاچە تۇرمۇش شەكلى ھەم بۇرژۇئا ئىدىيىسى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئېقىپ كىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى روھىي جەھەتتىن بۇلغىماقتا. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ توپ ـ گۇرۇھ بولۇۋېلىپ يۈرۈش ئادىتى بولىدۇ. يامان تەسىرلەر ھەمىشە مۇشۇ "ئەركىن دۇنيا" دىن تارقىلىدۇ، كېڭىيىدۇ، ھەتتا يامان تەسىر بېرىپ، ئۆسمۈرلەرنى جىنايەت يولىغا باشلايدۇ.

مەكتەپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەت زىچ ماسلىشىپ جەمئىيەت خەۋەرلىرىگە قارىتا "تاللاش"، "يېتەكلەش"، "چەكلەش" تەك ھەرخىل چارىلەرنى قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى تەربىيىگە ئىگە قىلىشى كېرەك. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېشى كىچىك، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ئاز، پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىز، بەزى نەرسىلەرنى ئاسانلا يۇقتۇرۇپ ئالىدۇ. ئىدىيىسى ساغلام بولغان ئەدەبىي ئەسەرنى كۆرگەندىمۇ، ئۇنىڭدىكى سەلبىي ئوبرازلارغا ئېتىۋار بېرىپ، ئايرىم كۆرۈنۈش ۋە بەزى قىلىقلىرىغا قىزىقىپ، ئۆزىچە ھوزۇرلىنىپ، يامان نەرسىلەرنىمۇ قوبۇل قىلىۋالىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى تۇرمۇشىغا چوقۇم ياخشى يېتەكچىلىك قىلىشى زۆرۈر. بۇ ئۇلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ ئەقىل ـ

ئىدرىكىنى ئاشۇرۇشقا كېرەكلىك بولغان ئىقتىساتىنى يەتكۈزۈپ بەرسەكلا بولىدى دەپ قارىماي، مەلۇم ۋاقىت چىقىرىپ، پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇۋاتقان گېزىت-ژورناللىرىنى تەكشۈرۈپ، مەزمۇنىنىڭ مۇۋاپىق ياكى نامۇۋاپىقلىقىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشى كېرەك. بالىلار بىلەن بىللە كىنو ياكى تېلېۋىزور كۆرگەندە ئىنكاس، پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ شۇ ئارقىلىق روھى دۇنياسىنى، كەيپىياتىنى كۆزىتىپ ئاندىن توغرا تەرەپكە يېتەكلەش لازىم. بۇ ئەڭ ئەمەلىي ئىدىيە-پەزىلەت تەربىيىسى. مەكتەپلەر داۋاملىق تۈردە بەزى كىنو، كىتاپلارغا باھا بېرىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرسا بولىدۇ. بۇ، "تاللاش" تۈرىگە كىرىدىغان خىزمەت. بەزى سېرىق كىتاپ، ژورنال، ناخشىلارنى توساش، يىغىۋېلىش، چەكلەش كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار، ئاتا-ئانىلار لۈكچەكلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلغۇچىلارنى ئۆز ۋاقتىدا جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلىپ، قانۇن ئارقىلىق يوشۇرۇن ئاپەتلەرنى تۈگىتىش كېرەك.

مۇزىكا تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ھەمرا، ساغلام مۇزىكا كىشىلەرگە خۇشاللىق بېغىشلاپ، تۇرمۇشنى بېيىتىدۇ، چاكىنا مۇزىكىلار بولسا، كىشىلەرنىڭ روھىنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ قويىدۇ. مەكتەپلەر مۇزىكا دەرسىنى كۈچەيتىشى، ئەڭ ياخشىسى، مۇددەت بەلگىلەپ "مۇزىكا يىغىن" لىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇزىكىنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. خور ئۆمىكى، مۇزىكا دۆيى تەشكىللەپ، ناخشا مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرغاندا ھەم قەلبىنى گۈزەللەشتۈرۈشكە، ھەم تۇرمۇشنى جانلاندۇرۇشقا بولىدۇ.

مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارغا بولغان كوللېكتىۋىزملىق تەربىيە، ئەمگەك تەربىيىسى، غايە تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەق بىلەن ناھەقنى، ياخشى بىلەن ياماننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك، مەكتەپلەردە دەرستىن سىرت ھەرخىل پەن-تېخنىكا پائالىيەت گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەپ، "2-دەرسخانا" ئېچىش — جەمئىيەت خەۋەرلىرىنى مەكتەپ تەربىيىسىگە بىرلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. ئوقۇغۇچىلار دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا مېڭىسىنى سەگىتكەچ ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىشكە، ھەرخىل جانلىقلارنى تەتقىق قىلىشقا، ئەۋرىشكىلەرنى يىغىشقا، سىرلىق ئورۇنلارنى ئىزلەشكە، شېئىر يېزىشقا، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشقا، مەنزىرىلەرنى سىزىشقا بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى تېخىمۇ بېيىيدۇ، تېخىمۇ ساغلاملىشىدۇ. ئۇلار تولۇپ تاشقان زېھنى قۇۋۋىتىنى مۇشۇ بىپايان زېمىندا تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ، ئاندىن مەكتەپ خەۋىرى بىلەن جەمئىيەت خەۋىرى بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ، ماسلىشىدۇ، ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئاتا-ئانىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقى-پەزىلەت جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى ئۈلگە يارىتىشى، كوممۇنىستىك خىسلەت بىلەن ئېنىق سىياسى مەيداندا تۇرۇپ، تەربىيە ئېلىپ بېرىشى، ئۇلارنى ھەرخىل جەمئىيەت خەۋەرلىرى ئىچىدىن ئاكتىپ ئامىللارنى قوبۇل قىلىپ، ئالغا بېسىش نىشانىسىنى ئېنىق كۆرۈپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ روھى جەھەتتىكى بۇلغىنىشقا قارشى تۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن تەربىيىلىنىپ، ساغلام، زېرەك تېتىك، يېڭى بىر ئەۋلات بولۇپ يېتىلىشكە يېتەكلەش كېرەك.

# بالىلارنىڭ يالغانچىلىق قىلىشىغا سەۋەبچى بولىدىغان بەزى ئامىللار

گاۋ جىڭفاڭ

يالغانچىلىق قىلىش ھەرگىزمۇ بالىلارنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتى بولماستىن، بەلكى ئۇ كېيىنكى مۇھىتنىڭ تەسىرىدىن شەكىللىنىدۇ. شۇڭلاشقا بالىلارنىڭ يالغانچىلىق كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يالغانچىلىق قىلىشنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ كېلەلگە قاراپ دورا بەرگەندىلا ئاندىن ياخشى تەربىيىلەش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بالىلارنىڭ يالغانچىلىق قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر ناھايىتى مۇرەككەپ. لېكىن ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە خىلدىن ئىبارەت:

بالىلاردا كۆپ ھاللاردا تەسەۋۋۇر بىلەن رېئاللىقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان سۆزلەرنى قىلىپ قويىدىغان ھادىسىلەر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بىر 3 ياشلىق بالا خوشنىسىنىڭ بالىسىنىڭ دادىسى بىلەن بىرلىكتە ھايۋاناتلار باغچىسىغا ئوينىغىلى كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى زوقى كەلگەن، ئۇنىڭ بۇ زوقى تەسەۋۋۇرغا ئايلىنىپ، ئۆزىنىمۇ ھايۋاناتلار باغچىسىغا بارغاندەك ھېس قىلغان، ئەتىسى مەكتەپكە بېرىپ، ئوقۇتقۇچىسىغا: "مەن ھايۋاناتلار باغچىسىغا باردىم" دېگەن. ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭدىن: "پىل ۋە مايمۇننى كۆردىڭىزمۇ؟" دەپ سورىسا، ئۇ: "كۆردۈم" دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ئەھۋال كۆپىنچە 3-4 ياشلىق بالىلاردا كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالغا يولۇققاندا بالىلارغا سەۋرچانلىق بىلەن تەسەۋۋۇر قىلغان لېكىن تېخى رېئاللىققا ئايلانمىغان ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشقان ئىشلاردىن پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىتىش لازىم. كۆپ قېتىم مۇشۇنداق قىلىنسا بۇ خىلدىكى "يالغانچىلىق قىلىش" ھادىسىسى تەدرىجى تۈگەيدۇ.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارنى يالغان گەپ قىلىپ گوللىشى ۋە قورقىتىشىمۇ بالىلارنىڭ يالغانچىلىق قىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بەزى ئانىلار بالىسى تاماق يېگىلى ئۇنىمىسا، "تاماقنى يەپ بولساڭلا بازارغا ئاپىرىمەن، كەمپۈت ئېلىپ بېرىمەن" دەپ، بالا كىيىم كىيگىلى ئۇنىمىسا، "كىيىمىڭنى كىيسەڭ ھايۋاناتلار باغچىسىغا ئاپىرىپ پىلنى كۆرسىتىپ كېلىمەن" دەپ ئالدايدۇ، بالا يىغلاپ خاپا قىلسا: "يەنە يىغلىساڭ ساقچى كېلىپ سېنى تۇتۇپ كېتىدۇ" دەپ قورقىتىدۇ. قىلىغان گەپلەرنىڭ ھەممىسى

ئەمەلدە كۆرۈلمىگەچكە، بالا كېيىنچە ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيلا قالماستىن، بەلكى يالغانچىلىق قىلىپ ئادەم ئالداش ۋە ئادەم قورقىتىشتەك يامان ئىللەتنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

باللاردا سەۋەنلىك ئۆتسە، ئاتا - ئانىلارنىڭ باللارنى دۇمبالاش ئارقىلىق يالغان سۆزلەشكە مەجبۇرلىشى ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە، بىر بالا ئېھتىياتسىز - لىقتىن ئىستاكاننى يەرگە چۈشۈرۈۋېتىپ چېقىۋەتكەن، دادىسى ۋاقىراپ - جاقىراپ بالىنى ئۇرغان، بالا ناھايىتى ھودۇقۇپ كېتىپ، تاياقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن "ئىستا - كاننى مەن سۇندۇرمىدىم" دېگەن، ھەتتا: "ئىستاكان ئۆزى چۈشۈپ چېقىلىپ كەتتى" دەپ كۈلكىلىك يالغان گەپنى توقۇپ چىققان. بەزى باللارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجە - سى ياخشى بولمىسىلا ئاتا - ئانىسى ئۇلارنى ئۇرىدۇ، تىللايدۇ. شۇڭا بۇنداق باللارنىڭ سىناش، ئىمتىھان نەتىجىسى ياخشى بولمىسا ئۇلاردا يالغان سۆزلەش ۋە ساختىپەزلىك قىلىش قىلمىشلىرى يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولساق، پەقەت ئاتا - ئانىسىنىڭ مۇشتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈندۇر. شۇڭلاشقا باللاردىن سەۋەنلىك ئۆتۈلگەندە ياكى ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولمىغاندا، ئاتا - ئانىلار چوقۇم سوغاققانلىق بىلەن سەۋەبىنى تېپىشقا ھەمدە كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئالغا بېسىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

بەزى باللار ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ ۋە ئائىلىدىكى چوڭ كىشىلەرنىڭ يامان تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن يالغانچىلىق قىلىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر ئانا ئەتىگەندە ئورنى - دىن كېچىكىپ تۇرۇپ: ئىشقا ۋاق قالدىغان بولدۇم، دەپتۇ. يولدىشى ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىپ: "بالام كېسەل بولۇپ قالغان - لىقتىن كېچىكىپ قالدىم، دېسىڭىز بولمىدىمۇ" دەپتۇ. بۇنى يېنىدا ئاڭلاپ تۇرغان بالا يەسلىگە بېرىپ ئوقۇتقۇچىسىغا: "مەن بۈگۈن كېسەل بولۇپ قالغاچقا كېچىكىپ قالدىم" دەپتۇ. بۇنىڭدىن باللارنى راستچىل قىلىپ تەربىيىلەشتە، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەمەلىي ھەركىتى بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىشىنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. "قۇلاق ئاڭلاپ كۆز كۆرمىسە ئادەت بولۇپ قالىدۇ" دېگەن گەپ بار. ئاتا - ئانىلاردا سۆزى بىلەن ھەركىتى بىردەك بولماسلىق، يالغان گەپ توقۇپ كىشىلەرنى ئالداشتەك ناچار قىلمىشلار بولىدىكەن، بۇ كۆپىنچە باللارنىڭ پاك قەلبىگە راستچىل بولماسلىقنىڭ ئۇرۇقىنى سېلىپ قويىدۇ. شۇڭلاشقا، باللاردا يالغان سۆزلەش قىلمىشى كۆرۈلگەن ھامان ئاتا - ئانا بولغۇچىلار ئۆزىمىزدىن سەۋەنلىك ئۆتۈلگەن جايلار بارمۇ - يوق دېگەننى ئويلاپ بېقىشى لازىم.

تۇرمۇشتا يەنە ئايرىم ئاتا - ئانىلارنىڭ، بالىسى يالغان گەپ توقۇغانلىقىنى كۆرگەندە دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىماقتا يوق ئەكسىچە بۇ ئۇنىڭ "ئەقىللىقلىقى" دەپ خۇشال بولىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۇنداق قىلىش باللار ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق.

ئومۇمەن، باللارنىڭ يالغانچىلىق قىلىشىنىڭ سەۋەبى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، تەربىيە بېرىش ئۇسۇلىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ھەرخىل، ھەر ياڭزا بولۇشى كېرەك.

كېرىم توختى تەرجىمىسى




ئاتا - ئانا بىلەن بالىنىڭ بىللە بولۇش ۋاقتى مەيلى قانچە ئۇزۇن بولمىسۇن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئومۇمەن بەزى جەھەتلەردە چۈشەنمەسلىكلەر بولىدۇ. ئەگەر سىز ئۆز بالىڭىزنى زادى قانچىلىك دەرىجىدە چۈشىنىدىغانلىغىڭىزنى بىلىشنى خالىسىڭىز، تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە جاۋاپ بېرىڭ. بۇ سىناق ئۆزىڭىزنى باھالاپ بېقىشقا پۇرسەت يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىڭىزنىڭ ئائىلىڭىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىڭىزگە ياردىمى بولىدۇ.

1. بالىڭىزنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى كىم؟

2. بالىڭىز ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىنى قانداق ياساشنى ياخشى كۆرىدۇ؟

3. ئۇنىڭ ئەڭ خىجىللىق ھېس قىلىدىغىنى نېمە؟

4. بالىڭىزنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان قەھرىمانى كىم؟

5. ئۇنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنى نېمە؟

6. بالىڭىز تەنتەربىيىنىڭ قايسى تۈرىنى ياخشى كۆرىدۇ؟

7. ئۇ قانداق مۇزىكا ئاڭلاشنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ؟

8. ئائىلىدىكىلەردىن باشقا، بالىڭىزنىڭ تۇرمۇشىغا كىمنىڭ تەسىرى ئەڭ چوڭ؟

9. مەكتەپتە ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئەڭ يامان كۆرىدىغان دەرسى قايسى؟

10. قايسى جەھەتتىكى نەتىجىلەر بالىڭىزنى ئەڭ پەخىرلەندۈرەلەيدۇ؟

11. ئائىلىدە بالىڭىزنىڭ ئەڭ نارازى بولىدىغىنى نېمە؟

12. ئۇ قايسى تېلېۋىزور پروگراممىسىنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ؟

13. ئەگەر ئۇنىڭغا ھەر خىل نەرسىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ بىرىنچى تاللىۋالىدىغىنى نېمە؟

14. بالىڭىزنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان ئوقۇتقۇچىسى كىم؟

15. نېمە ئۇنى ئەڭ نەپرەتلەندۈرىدۇ؟

16. بالىڭىز مەكتەپتە ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆزىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىغىنى ھېس قىلامدۇ - يوق؟

17. ئۇ چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلىشنى ئۈمىت قىلىدۇ؟

18. بۇ بىر يىلدا تۇرمۇشتىكى قايسى ئىشلار بالىڭىزنى ئۈمىتسىزلەندۈردى؟

19. بالىڭىزنىڭ ھېس قىلىشىچە ئۆزىنىڭ بويى ئەمەلىي يېشىغا سېلىشتۇرغاندا ئېگىزمۇ - پاكارمۇ؟

20. سىز تەقدىم قىلغان سوغاتلاردىن

قايسى بىرىنى ئۇ ئەڭ قەدىرلەيدۇ؟

21. ئۇ ئەتىلنى قانداق شەكىلدە ئۆتكۈزۈشنى خالايدۇ؟

22. ئائىلە ئىشلىرىدا چىنە-قاچا يۇيۇش، ئۆي سۈپۈرۈش، ئەخلەت تۆكۈشلەرنىڭ قايسى خىلىنى ئۇ ئەڭ يامان كۆرىدۇ؟

23. بالىڭىز يىقىندا دەرسلىكتىن سىرت قانداق كىتابلارنى كۆرۈۋاتىدۇ؟

24. ئائىلىنىڭ قانداق پائالىيەتلىرىنى ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ؟

25. ئۇ نىمىنى ئەڭ قىزىقىپ يەيدۇ، نىمە يىيىشنى ئەڭ يامان كۆرىدۇ؟

26. ئۇنىڭ مەكتەپتىكى لەقىمى نىمە؟

27. بالىڭىز ئۆيگە بىرىلگەن تاپشۇرۇقنى قايسى ۋاقىتتا ئىشلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. مەكتەپتىن كىلىپلا مۇ، كەچكى تاماقنى يەپ بولۇپمۇ، ئۇخلاشتىن بۇرۇنمۇ ياكى ئەتىسى ئەتىگەندە مەكتەپكە بىرىشتىن بۇرۇنمۇ؟

28. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىچىك هايۋانلىرى قايسىلار، مۈشۈكمۇ، ئىتمۇ، قۇشلارمۇ ياكى بېلىقمۇ؟

29. "شەخسى مۈلۈكلىرى" ئىچىدە ئۇنىڭ ئەڭ قەدىرلەيدىغىنى نىمە؟

يۇقۇرقى مەسىلىلەر ئىچىدە ئەگەر سىز 25 تىن كۆپرەككە جاۋاپ بىرەلىسىڭىز بالىڭىزنى ناهايىتى چۈشىنىدىغانلىغىڭىزنى بىلدۇرىدۇ. ئەگەر سىز 14 تىن 25 كىچە جاۋاپ بىرەلىسىڭىز، بالىڭىزغا قارىتا مۇئەييەن چۈشىنىشىڭىزنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىراق يەنىلا تىرىشىش كىرەك. ئەگەر سىز بىرەرسىگىمۇ جاۋاپ بىرەلمىسىڭىز ياكى 14 تىن تۆۋەنگە جاۋاپ بىرەلىسىڭىز سىز بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ناهايىتى ئازلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلار بىلەن كۆپرەك سۆهبەتلىشىش، ئۇلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلاش كىرەك.

سەلەي مەمەت تەرجىمىسى

---

(بېشى 47 - بەتتە)

ھەتتا بىر ئوبدان ئائىلىنىڭ ۋەيران بولۇپ كىتىشىگە سەۋەپچى بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بىرەر پارتىيە گۇرۇپپىسى، بىر تەشكىلات ئىچىدە چىقىمچىلىق، غەيۋەتچىلىك بولسا ئۇنى پالەچ هالغا چۈشۈرۈپ، خىزمىتىنى ئاسقىتىدۇ. ئومۇمەن، چوڭراق جەهەتتىن ئىتتىپاق پارتىيە ئىستىلى، جەمئىيەت كەيپىياتىنى بۇزىدۇ. شۇڭا غەيۋەت - شىكايەت قىلىشقا ئوخشاش ئىمپىرالىزىملىق يامان كەيپىياتلار بىلەن كورەش قىلىش، پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش، جەمئىيەت كەيپىياتىنى ئوڭشاش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش.

يولداش: غەيۋەتچىلىك، چىقىمچىلىق، پەسكەش يامان ئادەت. ئاخىر ئۆزىڭىزنى رەسۋا قىلىدۇ. تۈزىتىۋېلىڭ!

يولداش: باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن قىلغان غەيۋەت - شىكايەتلەرنى ئاڭلىغىنىڭىزدا مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر هەرگىز يۈز قارىماڭ. نەق مەيداندا، ئۆز ۋاقتىدا توغرا يول كۆرسىتىپ، تۈزىتىۋېلىشىغا ياردەم قىلىڭ! يۈكسەك سوتسىيالىستىك ماددى مەدىنىيەت ۋە مەنىۋى مەدىنىيەت بەرپا قىلىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە "غەيۋەت"، "چىقىمچىلىق" قىلىشتىن ئىبارەت يامان ئىللەتلەرنى تۈگىتىش ئىنتايىن مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە.



(ھېكايە)

ئەخمەت ھاشىم

كىشىنىڭ ئىچى كۆيگەندەك ئوماق چوڭ بولۇۋاتقان بوۋاق ئەمدى بىر ئايلىق بولغاندا تۇساتتىن ئاغرىپ قالدى. ئەسلى بوۋاقنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغان بولسا مەسىلە ئوڭايلا ھەل بولغان بولاتتى. لېكىن ئىككى كۈندىن بۇيان زىرىپەم ھەرقانچە يېلىنىپ يالۋۇرسىمۇ تەرسا قېيىنى ئانا زادىلا گەپ يىمەيتتى. تېخى تۇنجى پەرزەنت يۈزى كۆرۈۋاتقان ياش ئانا نېمە قىلىشنى بىلمەي، جىلى بولۇپ ئىچ-ئىچىدىن تىتىلدايتتى.

— خۇدا ئۆزى شىپالىق بەرسۇن قىزىم، — دەيتتى موماي ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ، — بالىغا كۆز تەككەندەك تۇرىدۇ، ئاشلاپ قويدۇم، خاتىرجەم بول، ئەتە-ئۆگۈن ساقىيىپ قالىدۇ. پەقەت بولماي كەتسە، تۈگمەن بېشىدىكى سوپۇرىخان بۈۋىنى باشلاپ كېلەن، بىرلا ئوقۇپ ساقايتىپ قويىدۇ. "ئەسكى چاپانىڭ ئىچىدە ئادەم بار" قىزىم، ئۇ بىر ئەۋلىيا!

ھەمىيە چاتاق ئۆمەرجاننىڭ يوقلۇقىدىن بولۇۋاتاتتى. ئۇ بالا تۇغۇلۇپ يىگىرمە كۈنلۈك بولغاندا ئۈرۈمچىگە ئىككى ئايلىق تېخنىكا ئۆگىنىشكە كەتكەن ئىدى. ئۆمەرجان بولغاندا ئىش ھەرگىز مۇنداق بولمايتتى.

زىرىپەم كىچىككىنە دەرىزىنىڭ ئەينىكىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ غوڭۇلداپ يۈرگەن چىچەك ھەرىسىنى لۆڭگە بىلەن ئۇرۇپ قاياققىدۇ قاچۇردى-دە، زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان بېشىنى ياغلىق بىلەن چىڭ چېكىلەپ باغلىۋالدى. ئاندىن ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ ئوت-كاۋاپ بولۇپ ياتقان بوۋاقنىڭ يېنەكتەك يۇمران چاچلىرىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى، مانا ھازىر كۆڭ چۈش بولدى. بالا ئەتىگەندىن بۇيان بىر قېتىممۇ ئەممىدى. ناۋادا كەچكىچە مۇشۇنداق ياتسا قانداق قىلىمۇلۇق؟...زىرىپەمنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى. يۈرىكى قىسىلىپ، ۋۇجۇدىنى بىر خىل غايىۋانە قورقۇنچ قاپلىۋالدى. دىمىسىمۇ بالا-

نىڭ ئەھۋالى مىنۇت - سېكۇنتلاپ ئوساللىشىۋاتاتتى. يۈرەك سوقۇشى ئادەتتىن تاشقىرى ئىتتىكلەپ كەتكەن ئىدى.

يۇنان كۆزلىرى مۆلايىم مۆلدۈرلەپ تۇرىدىغان، قەلەم قاش، قاراقۇمچاق كەلگەن يېزا قىزى زىرىپەم، ئانىدىن يېتىم قېلىپ، ئارانلا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، ئاق - قارىنى خېلى ئوبدان پەرق ئېتەلەيدىغان ئەقىللىق قىز ئىدى. ئۇ، بالىنىڭ نەپەس ئېلىشىغا، ئىسسىقىنىڭ بارغانسېرى ئېشىپ كېتىۋاتقىنىغا، مەيدىسىنىڭ توختىماي گىژىلدىشىغا قاراپ چوقۇم ئۆپكىسىگە سوغاق تەككەن دەپ پەرەز قىلاتتى، "ئەگەر دوختۇرغا تەكشۈرتسەك دورا، ئوكۇللار بىلەن بىر - ئىككى كۈننىڭ ئىچىدىلا ساقايتىپ قويىدىغان بولاتتى، ھەي، قاراپ تۇرۇپ بىچارە بالىنى قىيناۋاتىمىز - ھە!؟" دەپ ئويلايتتى. ئاخىرى چىدىمىدى. كىچىككىنە سېۋەتنى بەلىگىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ ھويلىدا توخۇ كاتەكلىرى ئەتراپىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن قېينى ئانىسىنى قىچقاردى:

— ئاپا، ئاپا، مەيەرگە كىرسىلە!

— مانا مەن، نېمە دەيسەن قىزىم، بىر نەرسە كېرەكمىدۇ؟ — موماي ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ تۇرۇپ سورىدى.

— جېنىم ئاپا، بالىنى بەكاردىن - بىكار قىينىمايلى مەنمۇ خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم. ئېشەك ھارۋىسىمۇ بار بولغاندىكىن دىككىدە گۇگشىپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كېلەي.

— نېمە دەيدىكىن دەپتىمەن! — دېدى موماي ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — يەنە شۇ گەپمۇ قىزىم، قىرقىڭ تولماي تۇرۇپ بازارلارنى پىقىراپ كەلگىنىڭ كېلىۋاتامدۇ، سەنمۇ شامالداپ ماڭا ئاغرىپ بېرەي دەۋاتامسەن؟ دوختۇر - دوختۇر دەۋەرمەي جىم يات قىزىم، خۇدا ئۆزى شىپالىق بېرىدۇ!

— ئاپا، بوپتۇ مەن بارمىساممۇ بارماي، خوشنىلارنىڭ باللىرىدىن بىرىگە دەپ قوياي - لى، دادىڭنىڭ دوختۇرى پاتىگولنى بولسىمۇ چاقىرتىۋەتسۇن.

— تولا غەم قىلما قىزىم، خۇدا بەرگەن جاننى خۇدا ئالىدۇ. دوختۇرنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى. يېقىنىنىڭ ياغىدا بەزى گەپ - سوزلەرنى ئاڭلاپ دوختۇرلارغا بەكمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتىم. بالىنى ھەرگىزمۇ دوختۇرغا كۆرسەتمەيمىز!

موماي چېچىلىپ، بېشىنى سىلىكىپ گەپ قىلغانلىقتىن، ياغلىقىمۇ چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ياغلىقنى يەردىن ئېلىپ زىرىپەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، خۇددى بىر مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىماقچى بولغاندەك ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى:

— قارىمامسەن، مۇندامۇ ئىشلار باركەن، پىلانلىق تۇغۇت دىگەن گەپلەرنى ئاڭلىمايۋاتامسەن؟

— ۋېيەي، پىلانلىق تۇغۇت دىگەن گەپ خاتامىكەن؟

— ھەم، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنسەڭ بولىدۇ قىزىم!

— چۈشەنمەيدىغان نېمىسى بار، بالىنىڭ كېسەلى بىلەن ھېچ مۇناسىۋىتى يوققۇ!

— مېنىڭچىلىكمۇ چۈشەنمەيدىكەنسەن. ھۆكۇمەت تۇغماڭلار دىيەلمەي، پىلانلىق تۇغۇڭلار دەپ قويغان، ئادەمنى ئازايتىمىز دەپ بالىغا بىر ئوكۇلنى سېلىپلا ئۆلتۈرۈپ قويسا قانداق قىلىسەن؟ مەن مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىدىم. مۇشۇنداق ئىشلار بارمىش.

زىرىپەم گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى، كىملەرنىڭدۇ مومايىنىڭ بېشىنى تازا قايدۇرغانلىقىنى سېزىپ، ھەيران بولۇپ ئولتۇرۇپلا قالدى. موماي ھەدەپ سۆزلەۋاتاتتى:

— بالىنى دوختۇرغا ئاپارغان بىلەن ساقىيدىغان ئوكۇلنى سالامدۇ، ئۆلتۈرىدىغان

ئوكۇلنى سالامدۇ سەن نىمە بىلىسەن؟ بالام ئولۇپ قالدى دەپ داۋا قىلالامسىلەڭ؟ قىرى بولغىنىم بىلەن قولىغىم خىلى ئۇزۇن. جاهاندا بولۇۋاتقان ھەممە ئىشلارنى ئاڭلاپ تۇرىمەن قىزىم!...

زىرىپەم بۇ بوالمىغۇر گەپلەرگە ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيتتى. ئۇ بۇ گەپلەرنىڭ چوقۇم يىپىقىندىن بۇيان بولۇك - پۇچقاقلاردا باش كۆتىرىپ قالغان ئالدامچى داخان، پىرخۇن، بۇۋىلەر تەرىپىدىن تارقالغان پىتنە - ئىغۋا ئىكەنلىگىنى بىلەتتى. "ھەي، ئانام شۇڭا جاھىللىق قىلىۋېتىپتىكەن - دە!"

— ئاڭلاپ قوي قىزىم، — دىدى موماي ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ۋە زىرىپەمنى قايىل قىلدىم دەپ ئۇزىچە خوشال بولۇپ، — مەندۇ نەچچەۋنەك بالىنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان. خۇدايىمنىڭ ماڭا بۇيرۇغىنى ئاران ئىككى بولدى. قالغىنىنىڭ جېنىنى خۇدا ئۆزى ئالدى. ھېچقايسىنى دوختۇرغا سۆرەپ يۈرمىگەنمەن!

— ئاپا، بالا مۇشۇ ھالدا ياتسا قانداق قىلىمىز؟ — دىدى زىرىپەم يىغلامسىراپ.

— سەۋرى قىلىپ تۇرغىن، كەچتە سوپۇرىخان بۇۋىنى باشلاپ كېلەي. ئۇ ھەقاچان كۇندۇزدە كېلىشكە ئۇنىمايدۇ...

* * *

ئۆيىنى ئارانلا يورۇتۇپ تۇرغان كىچىككىنە لامپىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىلار ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. ئۆينىڭ ئىچىنى سۇر بېسىپ تۇراتتى. موماي نامازدىگەر بىلەن چىقىپ كېتىپ تېخىچە قايتىپ كەلمىدى. تاينىلىق سوپۇرىخان بۇۋىنىڭ تۇگۈمەس ياالغان - ياۋداق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرىدىغاندۇ؟ بۇ بۇۋىنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئەسلىدە ئۇ مۇشۇ يېزىنى سورىغان بىر داخاننىڭ خوتۇنى بولىدىغان، ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن بۇۋىلىك قىلىپ ئۆلۈم - يىتىم سورۇنلىرىدا كۆرۈنۈپ يۈردى. بەزىدە كېسەللەرنىمۇ ئوقۇپ قوياتتى. مۇشۇ ئىشلار بىلەن خېلى داڭ چىقىرىپ يۈرگەن كۈنلەردە ئۇ ئوقۇپ دورا بەرگەن ئىككى كېسەل قاتتىق زەھەرلەنگەنلىكتىن قانۇن ئورۇنلىرى ئۇنى تۇتۇپ كېتىپ، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن قويۇپ بەردى. مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى ۋاقتىدا يەنە نۇرغۇن ئالدامچىلىقلىرى پاش بولۇپ، بۇ كەسىپنى تاشلىغاندەك قىلغان ئىدى. نىمە ئۈچۈندۇر يېقىندىن بۇيان ئۇ يەنە ئۇ يەر - بۇ يەردە ئوقۇپ يۈرىدىغان بولۇۋالدى.

ئىستىنىڭ ھاۋشە شىدىن زىرىپەم بېشىنى كۆتەردى. ھويلىنىڭ ئىشىگى ئېچىلىپ ئاپىسىنىڭ: "قېنى، خوش كىرسىلە" دىگەن تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى. لېكىن ئاياق تىۋىشى دالانغا كىرىپ جىملا بولۇپ كەتتى.

زىرىپەم ئورنىدىن تۇرۇپ ياغلىقلىرىنى تۈزەشتۈردى. لېكىن ھېچكىم كىرمىدى. بىرھازادىن كېيىن:

— ئەسسالام، خېنىم بالام! — دەپ بىر دومچەك موماي كىرىپ كەلدى. زىرىپەم بۇ موماي ھەققىدە ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ھوشۇقىغا كەلگۈدەك ئۇزۇن كوينەك كىيگەن، بېشىغا قارا رومال سالغان موماي يېقىنلاپ كېلىپ يۈزىنى ئاچقاندا زىرىپەمنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ ئۇچلۇق ئېڭىكىنى، سوغۇرۇۋېلىنغان قوزۇقنىڭ ئورنىدەك ئورا كۆزلىرىنى، يوغان كومشا بۇرنىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كەينىگە داجىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى چۆچەكلەردە ئاڭلىغان، بىردەمدىلا نەچچە خىل ئۆزگىرەلەيدىغان جادۇگەر مومايدىن بىرى تۇراتتى.

— مۇبارەك بولسۇن خېنىم بالام، ھەزرىتى شايى مەردانىدەك ئوغۇلدىن بىرنى

تۇغۇۋاپسەن، — دېدى ئۇ كۆرپىگە كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ۋە ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە تەكشى قاراپ قويۇپ، — خوش، بالاڭغا نېمە بولدى خېنىم؟

— تاڭەي، ئاغرىپ قالدى، — زىرىپەم كۆزىگە ياش ئالدى.

— بالىنىڭ بېشىغا پىچاق قويغانمىدىڭ بالام؟

— ياق.

— بۇ ئىشنىڭ قاملاشماپتۇ قىزىم، قارا بېسىپ قالامدۇ؟ ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا پىچاق قويىدۇ. قىز بالىنىڭ بېشىغا قايچا، ئەينەك ياكى تاغاق - سۈزگۈ قويىدۇ. ئازنەخان، پىچاق بولسا ئەكەلسىلە.

موماي قاراڭغۇدا تىمسقىلاپ يۈرۈپ پىچاق ئەكىلىپ بەردى. بۇۋىم بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ پىچاققا ھۈرگەندىن كېيىن بالىنىڭ ياستۇقى ئاستىغا تىقىپ قويدى. ئاندىن بالىغا قاراپ ۋاقىرىۋەتتى:

— مانا، دېمىدىمۇ، بالىغا كۆز تېگىپتۇ. ئەنە قاراڭلار، ھەدەپ تىلىنى چىقىرىۋاتىدۇ ئەتىگەچە ئۇنتۇپ قالماي كۆز مونچاق ئېسىپ قويۇڭلار، ئازنەخان يىڭنە بارمۇ؟

موماي لامپىنى كۆتىرىپ يۈرۈپ تامغا سانجىپ قويغان يىڭنىنى تېپىپ كەلدى. بۇۋىم يىڭنىنى بالىنىڭ تىلىغا يېقىن ئەكىلىپ:

— تىلىڭنى تارت، تىلىڭنى چىقارما! — دەپ سانجىشقا باشلىدى. بالا چىقىراپ يىغلاپ كەتتى. زىرىپەم دەرھال بالىنى قولىغا ئېلىۋالدى. بۇۋىم قورقۇپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن زىرىپەمگە قاراپ غېمىدە يوق كۈلدى - دە:

— بۇندىن كېيىن تىلىنى چىقارسا قورقماي يىڭنە تىقىڭلار. بالا دېگەن يىغلاۋېرىدۇ. بالا يىغلىسا بىر يېرى ئاغرىۋاتامدىكىن دېمەڭلار. بەزىدە بالىنى "ئۇلۇغلار"، "ئانىلىرىمىز" يىغلىتىدۇ، — دېدى. بۇ گەپنى زىرىپەمدۇ، مومايمۇ چۈشىنەلمەي بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويدى. بۇۋىم ھەدەپ سۆزلەۋاتاتتى:

— بوۋاقلار ئۇخلاۋېتىپ بەزىدە يىغلاپ كېتىدۇ، بەزىدە كۈلۈپ كېتىدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېسەڭلار "ئۇلۇغلار"، "ئانىلىرىمىز" بالىنى تېرىكتۈرۈپ گەپكە سالارمىش. ئۇلار "ئاناڭ ئۆلۈپ قالدى" دېسە، بالا: "يالغان، ئانامنىڭ ئەمچىكىنى تېخى ھازىرلا ئېمىپ ياتتىم" دەپ كۈلۈپ كېتەرمىش. "داداڭ ئۆلۈپ قالدى" دېسە، بالا ئىشىنىپ يىغلاپ كېتەرمىش. ھى - ھى - ھى...بالا يىغلىسا قورقۇپ كەتمەڭلار. ئەمدى مەن بالىغا ئوت كۆچۈرۈپ قوياي. ئەتە دېمىدە سۇيى ئىچكۈزەن. ئازنەخان، چاپسان چىقىپ يەتتە ئۆيدىن يېرىلىك، كوچىدىن چاۋا تېرىپ كىرسىلە.

خېلىدىن كېيىن ئازنەخان پىلتىكەش قىلىنغان ئازغىنا پاختا، يىپ، لاتىلارنى بارماقلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇپ، بىر ئاز چاۋا كۆتىرىپ كىردى. بۇۋىم كەينى - كەينىدىن ئەسنەپ ئولتۇرۇپ. نېمىلەرنىدۇر ئۇزاق ئوقۇدى. ئاندىن بالىغا چاپان يېپىپ قويۇپ چاۋاغا ئوت ياققاندىن كېيىن ئوتنى ئايلاندۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئوتى يامانىنىڭ ئوتىدىن، سۆزى يامانىنىڭ سۆزىدىن، كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن ساقلىغىن، كۆچ، كۆچ، ئاتاڭنىڭ ئوتى بولسىمۇ كۆچ، ئاناڭنىڭ ئوتى بولسىمۇ كۆچ! سېنىڭ جايىڭ بۇ ئەمەس، ئەسكى تۈگمەنگە بار، ئەسكى يالىققا بار، نېنىنى يېيەلمەسىڭگە بار، كىيىمىنى كىيەلمەسىڭگە بار، كۆچ شەرمەندە، كۆچ! — دېدى.

بۇۋىم ئوت كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن مومايىنىڭ يېڭىلا پىشۇرغان يۇمشاق قازان نېنىنى سۈتلۈك چايغا سېلىپ يەپ ئولتۇرۇپ،

يەنە ئەزمىلىك بىلەن پاراڭغا چۈشتى:

— ۋاي خۇدايىم، جاھاننىڭ تالاشقۇچىلىقى قالمىدى. ئاخىر زامان يېقىنلىشىپ قالدى. مۇنداق دىسە ياشلار ئىشەنمەيدۇ، ئىشەنمەيدىغان نىمىسى بار؟ بىرنەچچە يىلنىڭ مابەينىدە نىمە ئىشلارنى كۆرمىدۇق؟ شۇڭا بۇ دۇنيادا ياشاشنى مۇشۇ نارسىدە بوۋاق جېنىدا خالىمايدۇ. يالغان بولسا مانا قاراڭلار، — بۇۋىم بوۋاقنىڭ يوگىكىنى ئېچىپ زاكىسىنى قايرىدى، — بالىنىڭ توغرىدىكى ماۋۇ بىكار كۆك ئەمەس. خېزىر ئەلەيھىسسالام ئۇرغان ھاسىنىڭ ئىزى. ئانا تولغاق يەپ تۇغالمايۋاتسا، بۇ بەغەرەزلەر "ياق، مەن بۇ تار، پاسكىنا دۇنياغا چۈشمەيمەن. ئانامنىڭ قوسىغى نىمە دىگەن كەڭ، نىمە دىگەن راھەت!" دەپ زادىلا چۈشكىلى ئۇنىماسمىش. ئاخىرى خېزىر ھاسىسى بىلەن بالىنىڭ توغرىغا بىرنى ئۇرۇپ "چۈش" دىگەندىن كېيىن ئىلاجىسىز چۈشەرمىش، بۇ كۆك شۇ ھاسىنىڭ ئىزى. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، تىرنىغىڭلارنى ئالغاندا قالايمىقان يەرگە تاشلىماي بوسۇغىنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويۇڭلار. ئاخىر زامان بولغان كۈنى جىن-شاياتۇن، ئەجۇزە-مەجۇزىلەر داقا-دۇمباق چېلىشىپ كەلگەندە بوسۇغا ئاستىدىكى تىرنىغىڭلار قويۇق جىغان بولۇپ ئۆسۈپ چىقىپ سىلەرنى توساپ قالىدۇ. ئىمانىڭلار بىلەن كېتىسىلەر......

ئۇ توختىماي سۆزلىمەكتە ئىدى. ياخشىمۇ لامپىنىڭ يېغى تۈگەپ ئۆيىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئۇ ئوت كۆچۈرۈپ قويغىنى ئۈچۈن ئالدىغا قويۇلغان بىر كۆينەكلىك رەخنى قولتۇغىغا قىسىپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

* * *

ئەتىسى بۇۋىم يەنە كېلىپ دىمىدە سۈيى تەييارلاپ بەردى. بىراق بوۋاقنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلاشماقتا ئىدى. ھەتتا بۇۋىم ئۈچىنچى كۈنى كەلگەندە بىرۋاق سەكراتقا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى مۇزلاشقا باشلىغان ئىدى. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىشىنى سەزگەن بۇۋىم ئۆزۈن ئولتۇرمىدى-دە:

— خۇدا شىپالىق بەرسە ساقىيىپ قالىدۇ. ھەممە ئامالنى قىلدىم. ناۋادا ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالسىمۇ تەقدىردىن دەپ بىلىڭلار. ئادەم ھامان ئۆلىدىغۇ! — دەپ قويۇپ كۆزدىن يوقالدى.

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈپ كېلىۋاتقاندا بوۋاق جان ئۈزدى. زىرىپەم ئېچىنىشلىق ھالدا ھوڭگىرگىتىپ يىغلاپ كەتتى.

— سەۋرى قىل قىزىم، — دەيتتى موماي تەسەللى بېرىپ، — مەن باشتىلا دىدىمغۇ،



خۇدا بەرگەن جاننى خۇدا ئۆزى ئالىدۇ، بەندىنىڭ قولىدىن نىمە كېلىدۇ؟

شۇنداق قىلىپ بوۋاق يەرلىككە قويۇلدى. لېكىن ئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدىكى تاپا - تەنە، ئاغرىنىشلار تۈگىمىدى.

— سىلى تەرسالىق قىلمىغان بولسىلا، دوختۇرغا كۆرسەتكەن بولساق بالىدىن ئايرىلىپ قالمايتتۇق، — دەپ يىغلايتتى زىرىپەم.

— تەقدىر قىزىم، خۇدانىڭ بۇيرۇغىنىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. بالىنىڭ ئۆمرى شۇنچىلىك، — دەيتتى موماي باشقا گەپ تاپالماي.

"قېيىنئانامنىڭ خۇراپاتلىق تورىغا چىرمىلىپ كەتكەن نادان خوتۇن، مەن نىمە ئۈچۈن سۈكۈت قىلىپ تۇردۇم، بوۋىنىڭ ئالدامچىلىغىنى، ئۇنىڭ قولىدىن ھېچقانداق ئىشنىڭ كەلمەيدىغانلىغىنى بىلىپ تۇرۇپ نىمىشقا يول قويدۇم؟ گۇنا ئۆزەمدە..." دەپ ئويلايتتى زىرىپەم.

موماي ئۆز قىلمىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىگىگە تەن بەرمەيتتى. پەقەت كېلىننى قايىل قىلغۇدەك، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىغۇدەك بىرنەچچە ئېغىز گەپ تاپالماي قىينىلاتتى.

— قىزىم ئۆزەڭنى ئۇپرىتىپ يىغلاۋەرمە تەقدىر شۇنداق.

— ئاپا، نىمە دەۋاتىدىلا؟ بىر ئوبدان بالىنى دوختۇرغا ئاپارماي قىيناپ ئۆلتۈرۋەتتۇق. يىغلىماي خوشال بولاتتۇقمۇ؟

— توختىغىنا قىزىم، ئاۋال مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلا، — دىدى موماي ئالدىراپ، — بۇۋىنىڭ ئېيتىشىچە بىر ئۆيدە بىرەر نارسىدە بوۋاقنىڭ ئۆلىشى شۇ ئائىلىنىڭ ئۇ دۇنيالىغى ئۈچۈن ياخشى ئىكەن قىزىم!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ زىرىپەمنىڭ تازا ئاچچىغى كەلدى ۋە مومايغا ئالىيىپ قاراپ قويدى. موماي بولسا توختىماي سۆزلەۋاتاتتى:

— بالىنىڭ ئۆلۈمىگە ھەرگىز ئىچىمىزنى ئاغرىتمايلى، يامان بولىدۇ، خۇداغا تاپا قىلغان بولىمىز، ئۇ چوڭ گۇنا! ھەممىمىز ئۆلىمىز، بۇنى چۈشىنىدىغانسەن؟ ئۇ ئالەمگە بارغاندا پىرىشتىلەر بىزنى گۇنالىرىمىز ئۈچۈن ئۇرۇپ دوزاققا ئېلىپ كېلىۋاتقاندا مۇشۇ بالىمىز بىزنى قۇتۇلدۇرىۋالىدىكەن قىزىم. ئۇ پىرىشتىلەرگە يالۋۇرۇپ: "مەن تېخى ئاتا - ئانامنىڭ دىدارىغا قانمىغان. ئەمدى ئاتا - ئانامنىڭ دىدارىغا قېنىۋالاي!" دەيدىكەن. پىرىشتىلەرنىڭ بوۋاققا ئىچى ئاغرىپ: "بوپتۇ، ئاتا - ئاناڭنىڭ گۇنايىدىن كەچتۇق، ئۇلار بىلەن بىللە بول" دەپ بىزنى دوزاقنىڭ ئاغزىدىن قايتۇرۇپ كېلىپ جەننەتكە كىرگۈزىۋېتىدىكەن. ئەمدى چۈشەندىڭمۇ قىزىم؟ بۇ گەپلەرنى مەن ھەرگىزمۇ ئىچىمدىن چىقارمىدىم. سوپۇرىخان بۇۋىم مۇقەددەس كىتاپلاردىن ئوقۇپ بەردى. ئەمدى تولا يىغلاۋەرمەيلى.

زىرىپەمنىڭ قۇلىغىغا ھېچ گەپ كىرمەيتتى، "توۋا ماۋۇ ئانامنىڭ ئاشۇ ئالدامچى بۇۋىگە ئىشىنىپ بىر ئوبدان بالىدىن ئايرىلىپ قالساق، تۇمشۇغىغا يەنە بۇ ئويدۇرمىلىرىغا يەنە چۈمپۈتۈۋاتقىنىنى، كونىلارنىڭ: 'نادانلىق — قاراڭغۇلۇقتىن يامان' دىگىنى مۇشۇ ئىكەندە".



# يۇمورلار



— بالام، كونا ئايىغىمنى كىيىپ، بوۋاڭنى ئىزلەپ بارغىن.
— نېمىشقا؟
— بوۋاڭ بۇگۈن ماڭاش ئالىدۇ ئەمەسمۇ!؟



— چوڭ ئاپا، سىز تۇغۇت دوختۇرخانىسىغا كېلىنىڭىزنى ئالغىلى بارامسىز ياكى قىزىڭىزنىمۇ؟
— نەدىكىنى، كېلىنىم قىز تۇغۇپتىكەن، ئوغلۇم خاپا بولۇپ، ئۆزىنى تۇتالماي ھوشىدىن كېتىپتۇ، تۇغۇت دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، ئوغلۇمنى ئېلىپ كەلمەكچى.



— دادا، سىزنىڭ ئەستە تۇتۇشىڭىز تازا ياخشى ئەمەسكەن!
— قانداقسىگە؟
— مومام، داداڭ خوتۇن ئېلىپلا مېنى ئۇنتۇپ قالدى، دەيدىغۇ!



— ئۇستام، سىز تىككەن بۇ كىيىمنىڭ يېڭى بەك ئۇزۇن بولۇپ كېتىپتۇ.
— ھېچقىسى يوق، يېڭىنى قىسقىرايدۇ.
— ياقىسى بەك كىچىك بولۇپ قاپتۇ.
— ھېچقىسى يوق، كېيگەنسېرى يوغىنايدۇ.

خەمت كەنجى تەرجىمىسى

# قىزلاردىكى فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ھەققىدە

**ئايشەم ئېلى**

قىز بالا ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندا، كۆپىنچە ئەزالىرى پىشىپ يېتىلىپ، بەدەندە بەزى ئالامەتلەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. تۇخۇمدان ۋە بالىياتقۇدا دەۋرىلىك ئۆزگىرىش ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش ھەيز كۆرۈش باسقۇچى بولۇپ، ھەر 28 كۈندە بىر قېتىم تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. ھاۋا كىلىماتى ئىسسىق جايلاردا 12 - 13 ياش، سوغاقراق جايلاردا 14 - 15 ياش ئەتراپىدا قىزلار ھەيز كۆرۈشكە باشلايدۇ. ھەيز كۆرۈش قىسمەن ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتمىغاندا ئومۇمەن مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە بولىدۇ. لېكىن ھەيز كۆرۈش باشلانغاندىن كېيىن بەزىلەر بىر ئايدا 2 قېتىم، ھەتتا 3 قېتىم ھەيز كۆرىدۇ. بەزى ئايلاردا پۈتۈنلەي كەلمەسلىك، كەلگەندىمۇ قوساق، بەل ۋە پۈتۈن بەدەن ئاغرىش، ھەتتا بەزىدە ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ.

ھەيز كۆرۈشنىڭ مىجەز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى: ھەيز كۆرۈش بىر يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك ھەر 28 كۈندە (بىر ھەپتە ئالدى - كېيىن بولۇش نورمالنى ئەھۋال) بىر قېتىم بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىر، ئىككى ئايلاپ كەلمىگەندە، مىجەزى چۇس بولۇپ كېتىش، ھورۇنلىشىپ ئىش خوشياقماسلىق، بەدەندە ئېغىرلىق ھېس قىلىش، ئورۇقلاش، ئىشتەي تۇتۇلۇش قاتارلىق نورمالسىز ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، باشقا ئىچكى ئەزالارنىڭ خىزمىتىنىڭ نورماللىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئادەم باشقا چوڭ كېسەللەرگىمۇ مۇپتىلا بولىدۇ. ئەگەر بىر ئايدا بىر نەچچە قېتىم ھەيز كۆرۈش يۈز بەرسە، بۇمۇ بىر خىل نورمالسىز ئەھۋال بولۇپ، قان ئازلىق، ئاق خۇن كېسىلى، بەدەن ئاجىزلاش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق كېسەلگە مۇپتىلا بولغۇچىلارنىڭ چىرايى سولغۇن، مىجەزى ئېزىلەڭگۈ، ھەركىتى سۇس بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، سالامەتلىككە تەسىر يېتىپلا قالماستىن باشقا كېسەللىكلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بەلكى ھاياتىمۇ خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ.

ھەيز كېلىشتىكى نورمالسىزلىقنىڭ سەۋەپلىرى ناھايىتى نۇرغۇن، يىغىپ ئېيتقاندا تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل بولىدۇ.

1. قاندىكى ئۆزگىرىش.

2. ئۆسۈشىنىڭ نورمالسىز بولۇشى (ھەر خىل ئۆتكۈر كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبىدىن بەدەننىڭ نورمالنى ئۆسەلمەسلىكى ۋە غەيرى - تەبىئى ئۆسۈپ قېلىشى، ئىچكى سېكرتسىيە بەزلىرىنىڭ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالماسلىقى، جىنسىي ئورگانلاردىكى تۇغما مېيىپلىك قاتارلىقلار).

3. ھاۋا يۆتكىلىش (بىر جايدىن 2 - جايغا يۆتكىلىپ بارغاندا ھاۋا، سۇ، ئوزۇقلۇقلارنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن بەزىلەردە بىر مەزگىل نورمالسىزلىق پەيدا بولىدۇ.)

4. سوغاق تېگىش (بەدەنگە سوغاق تېگىش، بولۇپمۇ ئاياق تەرەپتىن سوغاق ئۆتۈش سەۋەبىدىن كۆپىيىش ئورگانلىرى ۋە بالىياتقۇدا ئىششىق پەيدا بولۇپ ھەيز كەلمەيدۇ.)

5. تازىلىققا رىئايە قىلماسلىق. (جىنسىي ئورۇنلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا يۇيۇپ تۇرمىغانلىقتىن مىكروپلىنىپ، ئورۇقدان يوللىرىدا ژىرىڭ ھاسىل بولۇپ ھەيز كەلمەيدۇ.)

6. قان ئازلىق كېسىلى.

7. ھەددىدىن تاشقىرى ھاياجانلىنىش ۋە غەزەپلىنىش. بۇنداق روھى ئۆزگىرىشلەر بولغاندىمۇ ھەيز ۋاقتسىز كېلىش، كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىش ياكى كەلمەسلىك ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ.

8. ھەددىدىن ئارتۇق جىسمانى ھەركەت بىلەن شۇغۇللىنىش. ھەددىدىن ئارتۇق جىسمانى ھەركەت بىلەن شۇغۇللىنىش ھەيزنىڭ سۈرۈلۈپ كېتىشىگە ياكى بالدۇر كېلىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. نورمالنى ئەھۋال ئاستىدا ھەيز كۆرۈش 3 كۈندىن 5 كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ. يۇقۇرقىدەك ئەھۋالدا ھەيز كۆرۈش ۋاقتى 10 كۈندىن 15 كۈنگىچە سۈرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن.

9. سوغاق يىمەكلىك ۋە سوغاق ئىچىملىكلەرنىڭ تەسىرى. ھەيز مەزگىلىدە سوغاق يىمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرنى ئىستىمال قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغاندا كېلەر قېتىم ھەيز كۆرگەندە قوساق، بەل، دوۋسۇنلار مۇزلاپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالىدۇ، ياكى ھەيز كەلمەسلىككە سەۋەپ بولىدۇ.

10. ئەگەر نورمالنى ھەيز كۆرگەن، توختىغان ياكى كېلىشتىن بۇرۇن يامغۇردا قېلىش، سوغاق سۇدا يۇيۇنۇش، سوغاق سۇ بىلەن بولىدىغان ئەمگەكلەرگە قاتنىشىش ئەھۋاللىرى بولسا، ئەگەر ھەيز كېلىۋاتقان بولسا، ھەيز دەرھال توختاپ ئاغرىق باشلىنىدۇ. كېلىش ئالدىدا بولسا، كېلىش ۋاقتى ئارقىغا سۈرۈلۈپ يەنە ئاغرىق باشلىنىدۇ. كېلىپ بولغان ۋاقىتتا بولسا، كېلەر قېتىمقى ھەيز چوقۇم ئاغرىتىپ كېلىدۇ.

نورمالسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش:

نورمالسىزلىقنى داۋالاپ ساقايتىش ۋە ئالدىنى ئېلىش تامامەن مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك تەدبىر قوللىنىش زۆرۈر.

1) ئۆز ۋاقتىدا دوختۇرغا كۆرۈنۈپ، دوختۇرنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىش.

2) ئوزۇقلۇقلارنىڭ تەركىۋى ۋە تۈرلىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، نورمالنى ياخشى ئوزۇقلىنىش بىلەن بەدەننىڭ نورمالنى ئۆسۈشىگە شارائىت ھازىرلاش.

3) ياتاق شارائىتىنى ياخشىلاش. زەي ئورۇنلاردا ياتماسلىق، ئاياقتىن سوغاق ئۆتۈشتىن ساقلىنىش.

4) ھېيىز كەلگەن ۋاقىتتا سوغاق سۇغا قول تىقماسلىق. سۇ بىلەن بولىدىغان ئىشلارنى ئىمكان قەدەر ئازايتىش.
5) تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش. ئىچكى كىيىملەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا يۆتكەپ تۇرۇش.
6) ھېيىز مەزگىلىدە، 1 -، 2 - كۈنلىرى ياخشى دەم ئېلىپ، 3 -، 4 - كۈنلىرى مۇۋاپىق يېنىك ئىشلارنى قىلىش.
7) ھاۋا شارائىتىغا قاراپ كىيىنىش. تەرلىگەن ۋە ھول بولغان ۋاقىتلاردا كىيىم ئال - ماشتۇرۇشقا دىققەت قىلىش.
8) تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، قان ئايلىنىش، روھى كەيپىياتىنىڭ نورمالنى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش.
9) تازىلىق، تەنتەربىيە، ئۇزۇقلىنىش قاتارلىقلارنى زىچ ماسلاشتۇرۇش. بۇلار بىر - بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىرىنى قىلىپ، يەنە بىرىنى قىلمىغاندا ئوخشاشلا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.
10) ھەر دەرىجىلىك ئىدارە، مەكتەپ، فابرىكا، مۇلازىمەت ئورۇنلىرى ئىمكانىيەت يار بەرگەن شارائىت ئاستىدا مەخسۇس ساقلىقنى ساقلاش ئىشخانىسى تەسىس قىلىپ، ئايال - لار ۋە قىزلارنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش.
بۇ مېنىڭ قىزلاردىكى فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ھەققىدە ئىزلىنىشتىن يەكۈنلىگەن دەسلەپكى پىكىرلىرىم، بۇنىڭ قىزلار ئۈچۈن پايدىسى بولار دەپ ئىشىنىمەن.

(بېشى 41 - بەتتە)
نىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئەڭ مۇھىمى تازىلىققا دىققەت قىلىش، بولۇپمۇ ھېيىز مەزگىلىدىكى تازى - لىققا دىققەت قىلىش كېرەك، چۈنكى ھېيىز كېلىشتىن بۇرۇن ۋە كېيىن جىنسىي ئەزالىك فىزىو - لوگىيىلىك ئۆزگىرىشى نىسبەتەن چوڭ بولىدۇ. بولۇپمۇ ھېيىزدىن كېيىن جىنسىي يولنىڭ كىس - لاتالىق - ئىشقارلىق دەرىجىسى نېيتىراللىق (مۆتىدىل) قا يېقىن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قان زەرداۋىغا باي، ئوزۇقلۇق شارائىتى ياخشى بولغانلىقتىن تامچە قۇرۇتنىڭ ھايات كەچۈرۈشىگە پايدىلىق. شۇڭلاشقا ئاياللار مۇمكىن قەدەر ئۆز لۆڭگە ۋە يۇيۇنۇش داسلىرىنى ئىشلىتىشى، ئاممىۋى لوڭگە، داسلارنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىشى لازىم. ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە ئالدى بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك. ئەڭ ئاددى ئۇسۇل داس ۋە لۆڭگىلەرنى بىر نەچچە مىنۇت قايناتىش. ئەڭ ياخشىسى دۇشتا (يامغۇرسىمان مونچا) يۇيۇنۇش كېرەك. ۋانىدا يۇيۇنماسلىق كېرەك. تامچە قۇرۇت كېسىلىنىڭ ئالامەتلىرىنى بايقىغاندا ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا بېرىپ تەك - شۈرتۈپ داۋالىتىش لازىم. نۆۋەتتە تامچە قۇرۇت كېسىلىنى داۋالاشتا ئىشلىتىدىغان دورا ۋە ئۇسۇللار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، مېدىلىك (مېترونىتا زۇلۇم) نى مۇۋاپىق مىقداردا يېسە شۇئانلا خېلى قانائەتلەنگۈدەك ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئىمىنجان ماموت تەرجىمىسى

# مۇنچىدا يۇيۇنغاندا تامچە قۇرۇت كېسىلىدىن ساقلىنىش كېرەك

خۇ جىيڭ

جىنسىي يول تامچە قۇرۇت كېسىلى، جىنسىي يول مويلۇق تامچە قۇرۇت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ۋە دائىم كۆرۈلىدىغان بىر خىل ئاياللار كېسەللىكى. ياش قورامىغا يەتكەن، ياتلىق بولغان ئاياللاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ، لېكىن توي قىلمىغان ياش قىزلاردىمۇ دائىم مويلۇق تامچە قۇرۇتتىن يۇقۇملىنىش بولىدۇ. بەزى ياش قىزلار كۆپىنچە بۇ كېسەل ئۈچۈن ئېغىز ئېچىشقا خىجىل بولۇپ، ئازابلىنىدۇ.

جىنسىي يول مويلۇق تامچە قۇرۇت، بىر خىل ناھايىتى كىچىك پارازىت مەنبەلىك قۇرۇت بولۇپ، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ. بەدەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن جىنسىي يولدا پارا هالدا ياشاپ جىنسىي يول ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭلاشقا، جىنسىي يول تامچە قۇ كېسىلى تامچە قۇرۇت خاراكتېرلىق جىنسىي يول ياللۇغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دائىم كۆرۈلىدى ئالامەتلىرى سىرتقى جىنسىي ئەزا قىچىشىدۇ ۋە ئاق خۇن كۆپىيىدۇ. ئاق خۇننىڭ رەڭگى ئاق، قىزىل بولىدۇ، شەكلى ماغزاپسىمان، يىرىڭسىمان ۋە سۇغا ئوخشاشمۇ بولىدۇ.

تامچە قۇرۇت ئۇچرىشىش ئارقىلىق يۇقىدۇ. تارقىلىش ئۇسۇلى ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى ۋاستە ئارقىلىق تارقىلىدۇ، مەسىلەن، ئاممىۋى مۇنچىلاردىكى ۋاننا، لۆڭگە، سۇ ئۈزۈش كىيىمى قاتارلىقلار. جىنسىي يول مويلۇق تامچە قۇرۇتنىڭ تاشقى مۇھىتقا بولغان قارشىلىق كۈچى نىسبەتەن كۈچلۈك بولۇپ، تەجرىبە قىلىپ كۆزىتىشلەرگە قارىغاندا 46 گرادۇس ئەتراپىدىكى ئىسسىق سۇ (مۇنچا سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى بىلەن باراۋەر) دا 20 مىنۇتتىن 60 مىنۇتقىچە ياشىيالايدۇ؛ يېرىم قۇرغاق مۇھىتتا مەسىلەن، يېيىپ قويۇلغان لۆڭگىدە 14 سائەتتىن 20 سائەتكىچە ياشىيالايدۇ؛ 0 دىن تۆۋەن 10 گرادۇستا ئاز دېگەندە 7 سائەت ياشىيالايدۇ. شۇڭلاشقا، يۇيۇنۇش لۆڭگىسى، يۇيۇنۇش ۋاننىسى تامچە قۇرۇت تارقىلىشنىڭ ياخشى ۋاستىسى، ئەگەر بۇلغىنىش بولسا، ئۇدا باشقىلارغا يۇقىدۇ ھەمدە تامچە قۇرۇت جىنسىي يول ياللۇغى تارىلىپ كېتىدۇ. يەنە بىر خىل ئۇسۇلى بىۋاستە تارقىلىدۇ، يەنى جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق تارقىلىدۇ، لېكىن دوختۇرخانا ئاياللار بۆلۈمىنىڭ ئەسۋابلىرى ياخشى دېزىنفېكسىيە قىلىنمىسىمۇ بىۋاستە يۇقۇملىنىش كېلىپ چىقىدۇ. تامچە قۇرۇت كېسىلى-

(داۋامى 40 - بەتتە)



# «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىغا ئەرلەر مۇشتەرى بولسا بولامدۇ؟

يولداش تەھرىر:

ئاپتونوم رايونىمىزدا گېزىت - ژۇرناللار كونا يېزىقتا چىقىرىلغاندىن بۇيان، ھەممە كىشى بەس - بەس بىلەن مۇشتەرى بولماقتا. مەن 9 خىل گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى بولدۇم. بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىمۇ بار بولۇپ، مەن ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم. ئەمما، بەزىلەر قولۇمدىكى «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىنى كۆرۈپ ئەرلەرمۇ ئاياللار ژۇرنىلىغا خەتلىنەمدۇ، ئاياللار ژۇرنىلىغا ئاياللار خەتلەنمەمدۇ؟ بۇ نېمە دېگەن ئەدەپسىزلىك، دەپ مېنى مەسخىرە قىلىشتى.

ھۆرمەتلىك تەھرىر، ئېيتىڭچۇ، «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىغا ئەرلەر مۇشتەرى بولسا بولامدۇ؟

مايتاغ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئابلا نىياز

يولداش ئابلا نىياز:

ياخشىمۇسىز!

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولدۇق. «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىغا ئەرلەر مۇشتەرى بولغانلىقى ئۈچۈن مەسخىرىگە ئۇچراش ئەھۋاللىرى ھەقىقەتەن مەۋجۇت. بۇ توغرىلىق بىز بىر نەچچە پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدۇق.

بۇنداق ناتوغرا كۆز قاراشلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا مۇنداق ئەھۋاللار سەۋەب بولدىمىكىن، دەيمىز.

بىز ژۇرنالنى كەڭ - كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ ئۇنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، مەزمۇنىدىن ئەر - ئايال ھەممە كىشىنى تولۇق خەۋەردار قىلىپ كېتەلمىدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىنى بەزى ئەر يولداشلار پەقەتلا ئاياللارغا ئائىت ماقالىلار بېسىلىدىغان، ئاياللار ئۈچۈنلا چىقىرىلىدىغان ژۇرنال دەپ خاتا تونۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، تۆۋەندە ژۇرنىلىمىزنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

«شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى ئۇنىۋېرسال ژۇرنال. ئۇنىڭدا پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى، ئاياللارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلۇپلا قالماي، يەنە مۇھەببەت - نىكا - ئائىلە مەسىلىلىرىنى قانداق توغرا بىر تەرەپ قىلىش؛ پەرزەنتلەرنى قانداق قىلىپ ئەخلاقلىق،

(داۋامى 45 - بەتتە)

# «يىگىرمە بەش كۈن» نى ئوقۇغاندىن كېيىن

نۇرىمان

مەن «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژورنىلى 83 - يىللىق 1 - سانىدىن «يىگىرمە بەش كۈن» دىگەن سەنۇىنىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ئەسەردە ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى رىياللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. قادىرغا ئوخشاش ئۆز ھەمرايىنى چۈشەنمەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغان، قارىسىغىلا تۇھمەت چاپلاپ بەختلىك تۇرمۇشقا كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كېلىدىغان ئادەملەرنى ۋە بۇ خىلدىكى ئىشلارنى جەمىيىتىمىزدە يوق دىگىلى بولمايدۇ.

دولىتىمىزدە نىكا ئەركىنلىگى قانۇنى جەھەتتىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، ياشلار ئادەتتە مۇھەببەت باغلاش ئارقىلىق ئۆز - ئارا بىر - بىرىنى چۈشىنىپ توي قىلىدۇ. تويدىن كېيىن بالىلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاتا - ئانىلارمۇ ئۆز ئوغۇل - قىز - لىرىنىڭ توي قىلىپ، بالا - چاقىلىق بولۇپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالايدۇ. ئۇماق ئوغۇل - قىز نەۋرىلەرنى كۆرۈشنى خوشاللىق ھىس قىلىدۇ.

ئەمما بۇ سەنۇىندە ئائىلىگە خوشاللىق بېغىشلىغۇچى بوۋاقنىڭ "يىگىرمە بەش كۈن" بۇرۇن تۇغۇلغانلىغى ئۈچۈن ئىناق ئۆتۈۋاتقان بىر ئائىلە ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا يەتكەنلىگى يېزىلغان.

ئايال كىشى ئۈچۈن ئېيىتقاندا، ئېغىر بوي بولۇش ئىنتايىن جاپالىق بىر ئىش. گەرچە ھامىلدارلىق نورمالىنى فىزىئولوگىك ھادىسە بولسىمۇ، ئانا ھامىلدار بولغان كۈندىن باشلاپ نۇرغۇن جاپالار ئىچىدە بالىنى قوساقتا ئۆستۈرۈپ ئاچچىق تولغاق يەپ، ھايات - ماماتلىق كۈرىشىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ئاندىن يەڭگىيىدۇ. سەنۇىندە يېزىلغاندەك ھېچقانداق ئاساسسىز ھالدا ئانىنى بۇرۇن تۇغدۇڭ دەپ ھاقارەتلەش، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بىگۇنا بوۋاقنى خارلاش ھاماقەتلىك. شۇنى چوقۇم ئېيتىش كېرەككى، بالا مۆلچەرلەنگەن ئاي كۈنىدىن ئىلگىرىرەكمۇ، ياكى كېيىنرەكمۇ تۇغۇلىدۇ. خەلق ئىچىدە قىز بالا 9 ئاي 9 كۈندە، ئوغۇل بالا 10 ئايدا تۇغۇلىدۇ دەيدىغان گەپلەرمۇ بار، ئاي كۈنىنى بالىنىڭ قىز - ئوغۇللىغى بىلەن مۇتلەق قەلەشتۈرۈشكە بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ كۆزقاراش بالىنىڭ ئاي كۈنىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن تۇغۇلۇش ئەھۋاللىرىنىڭ مەۋجۇتلۇغىنى بىلدۈرىدۇ. مەدىتسىنا ئىلمى بويىچە ئېيتقاندا، نورمالىنى بالا 38 ھەپتىدىن كېيىن يەنى 260 — 280 كۈن ئارىلىق ئىچىدە تۇغۇلىدۇ.

ئېيتايلۇق، بەزى ئاياللاردا ھېيز كۆرۈش

قالايمىقانلاشسا بىرنەچچە ئايدا بىر قېتىم ھېيىز كۆرىدىغان، ياكى ئاي ئاتلاپ ھېيىز كۆرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ، مۇشۇ ئارىلىقتا ئېغىر بوي بولۇپ قالسا سەزگىنى يەڭگىل ئاياللار ئېغىر بوي بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالىدۇ، ھەتتا بالا مىدىرلىغاندا بىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. يەنە بەزى ئاياللار تۇغۇتتىن كېيىن ھېيز كۆرمەستىنلا ھامىلدار بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە ھامىلدار بولغان ئاي كۈننى بىلەلمەيدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن ھامىلدارلىق ۋاقتى ئىلگىرى - كېيىن ھساپلىنىپ قېلىشى تۇرغان گەپ. شۇنىڭ بىلەن بالا ۋاقتىدىن بۇرۇن تۇغۇلدى، ياكى كېيىن تۇغۇلدى دەيدىغان خاتا پەرەزلەر پەيدا بولىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا ھامىلدار ئايال تۆگە گۆشى يەپ سالسا تۇغۇتى كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىدۇ، دەيدىغان گەپلەرمۇ بار. بۇ بىر ئىلمىي ئاساسى يوق گەپ. تۇرمۇشتا بالا 280 كۈندىنمۇ ئېشىپ، 294 كۈن، ھەتتا 300 كۈندە تۇغۇلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بەزىدە ھامىلدارلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئېغىر ئىشلارنى قىلىش، تەسادىپىي جىددىيلىشىش، تويۇقسىز قورقۇپ كېتىش، ئېغىر كۆڭۈلسىزلىككە دۇچ كېلىش ياكى بەزى جىددىي كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن بالا چالا تۇغۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ، (بۇنىڭدا 7 ئايلىق تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ئەي بولۇپ چوڭ بولغانلىرى بار) شۇڭا بىر ئالدى بىلەن بالىنىڭ بۇرۇن تۇغۇلۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدىغان ئامىللار ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى:

1. ئانا تەرەپتىكى ئامىل: ئانىدىكى ھەرخىل ئۆتكۈر ۋە ئاستا خاراكتېرلىق كېسەللىكلەر. مەسىلەن: ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر (زۇكام، دىزىنتېرىيە، جىگەر ياللۇغى) ئېغىر ھالدىكى يۈرەك، بۆرەك كېسىلى، قان كەملىك كېسىلى، سىل كېسىلى، جىنسىي ئورگانلاردىكى تۇغما مېيىپلىك، زەخىملىنىش، ئېغىر جىسمانى ئەمگەك قىلىش، ئوپېراتسىيە تەسىرى، قاتتىق چارچاش، روھىي تەرەپتىكى جىددىيلىك قاتارلىقلار.

2. بالا ھەمرىيى تەرەپتىكى ئامىل: بالا ھەمرىيىنىڭ ئالدىن كېلىشى، بالا ھەمرىيىنىڭ ۋاقتىدىن بۇرۇن بالىياتقۇ دىۋارىدىن ئاجرىلىشى، باش سۈيى قېپىنىڭ بالدۇر يېرىلىشى، باش سۈيى كۆپ بولۇش، ھەمرىيىنىڭ ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇش قاتارلىقلار.

3. تۆرەلمە تەرەپتىكى ئامىل: تۆرەلمىنىڭ قوشكېزەك، غەيرى بولۇشى، كىندىك ھەددىدىن زىيادە تۇم بولۇش، قىسقا بولۇش، تولغىشىپ قېلىش قاتارلىقلار. ئەگەر يۇقۇرىدىكى سەۋەپلەردىن بىرەرسى بولسا بالا مەزگىلدىن بۇرۇن تۇغۇلىدۇ.

ئۇنداق بولسا، ئاي - كۈن توشماستىن تۇغۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بولامدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ھامىلدار بولغاندىن كېيىن دوختۇرغا بېرىپ تۇغۇتتىن بۇرۇنقى سالامەتلىك تەكشۈرتۈشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، ھامىلدار ئاياللاردا كۆرۈلگەن كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا داۋالىتىش لازىم. ھامىلدارلىقنىڭ ئاخىرقى 3 ئېيىدا مۇمكىن قەدەر ھەرخىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن ساقلىنىش كېرەك. ھامىلدار ۋاقتىدا تۇرمۇش ۋە ئوزۇقلىنىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقۇرىراق بولغان، ئاسان ھەزىم بولىدىغان، ۋىتامىنلىرى كۆپرەك يېمەكلىكلەر بىلەن ئوزۇقلىنىشى، ئارتۇقچە چارچىماسلىقى، ئېغىر جىسمانى ئەمگەككە قاتنىشىشتىن، ئېغىر

نەرسىلەرنى كۆتىرىشتىن ساقلىنىشى، تۇرمۇشتا بولۇپ تۇرىدىغان جىددىيلىشىش، سىقىلىشلاردىن خالىي بولۇشى، ئائىلىدە كۆڭۈل ئازادىلىكى بولۇشى، ئاتا - ئانا، قېينى ئاتا - قېينى ئانىنىڭ، ئەرنىڭ سەممىي غەمخورلۇق قىلىشى لازىم. شۇنداقلا ھامىلىدار مەزگىلىدە قالايمىقان دورا يېمەسلىك، دورا يېيىشكە توغرا كەلگەندە دوختۇرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە يېيىش لازىم. ئەگەر ئىلگىرى بالا چۈشۈپ كەتكەن، كەم تۇغۇپ قويغان تارىخى بولسا، بۇرۇنراق دوختۇرغا بېرىپ، تەكشۈرتۈپ، دوختۇرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش كۆرۈش لازىم. يۇقۇرىدىكى ئىشلارغا دىققەت قىلغاندا، بۇرۇن تۇغۇپ قويۇشتىن ساقلىنىشقا بولىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، خىزمەت بىلەن دەم ئېلىشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. دەم ئېلىشقا دىققەت قىلىدىم دەپ، داۋاملىق يېتىۋېلىشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس، نورمالنى ھەركەت، يېڭى ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ مەلۇم دەرىجىدە ئاپتاپقا قاقلىنىش، ھامىلدار ئايال ئۈچۈنمۇ، بوۋاقنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈنمۇ ئەھمىيەتى چوڭ.

مۇشۇنداق تەبىئى ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتمىغان «يىگىرمە بەش كۈن» دىگەندەك ئەھۋاللار ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ. ھەقىقى مۇھەببەت ھەرخىل گۇمانلىنىشلاردىن خالى بولۇپ ھەقىقى ئىشەنچىگە ئېرىشكەندىلا، مەڭگۈ بەختلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ.

(بېشى 42 - بەتتە)

ئەقىللىق، ساغلام ئۆستۈرۈش ھەققىدىكى ماقالىلار ۋە ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرى، تۇرمۇش ساۋاتلىرى، ھەر خىل ژانىردىكى ئەدىبىي ئەسەرلەر ۋە گۈزەل - سەنئەت ئەسەرلىرى بېرىلىدۇ. ژورنىلىمىزنىڭ «ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا»، «باللار تەربىيىسى»، «قانۇن مەسلىھەتچىسى» قاتارلىق سەھىپىلىرىگە ئېلىنغان ماقالىلار كەڭ ئەر مۇشتىرىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە.

دىمەك، «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژورنىلى ئاياللارغىمۇ، ئەرلەرگىمۇ ئوخشاشلا دوست ۋە مەسلىھەتچى بولالايدۇ.

ژورنىلىمىز گەرچە گودەكلىك باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، سۈپىتىنىڭ كۈنسايىن ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ مۇشتەرىلارمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، (ھازىر مۇشتىرى 17 مىڭغا يەتتى) مۇشۇ مۇشتىرىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئەرلەر.

سىزنىڭ ژورنىلىمىزنىڭ خاراكتىرىنى بىلگەندىن كېيىن، ژورنال ھەققىدىكى ناتوغرا قاراشلارغا رەددىيە بېرىپ، ئۆزىڭىز مۇشتىرى بولۇپلا قالماي باشقا ئەر - ئايال يولداشلارغا ژورنىلىمىزنى تەشۋىق قىلىپ، مۇشتىرىلارنى كۆپەيتىشكە ياردەمدە بولۇشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمىز.

تەھرىردىن



# كىشىلەرنىڭ كەينىدىن قىلىنغان غەيۋەت - شىكايەتلەرنى ئاڭلىغىنىمىزدا ........

ئابدۇرېھىم ماخمۇتجان

يولداش: سىز بىرەرسىنىڭ رەھبەرلىك ياكى يولداشلارنىڭ ئارقىسىدىن قىلىنغان غەيۋەت - شىكايەتلىرىنى ياكى يالغان - ياۋىداق سۆز - چۆچەكلىرىنى ئاڭلىغىنىڭىزدا قانداق پوزىتسىيە تۇتىسىز؟ ياخشى گەپ بىلەن نەسىھەت بېرىپ تۇسامسىز ياكى نىمە دىسە شۇنى دەپ ھە - ھۇ قىلىپ، تېخىمۇ ئېچىتىپ بېرەمسىز؟ ئۆزىڭىزدە بەزىدە يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن گەپ توشۇپ، ئۇنى بۇنىڭغا، بۇنى ئۇنىڭغا چېقىشتۇرۇپ، تاماشا كۆرىدىغان، بىرەر شەخسى مۇددىئاغا يېتىۋېلىش مەقسىدىدە بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ كەينىدىن قۇرۇق گەپ تېپىپ، ئۆزىڭىزنى كۆتىرىدىغان، ئاخمىقانە خوشامەت بىلەن يۇقۇرىغا يامىشىپ باقىدىغان...... يامان ئادەت يوقتۇ؟ بىراق ئارىمىزدا يۇقۇرقىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگىلەر ئاز ئەمەس. كونىلاردا: "يالغانچىنىڭ قۇيرىقى بىر تۇتام" دەيدىغان گەپ بار. بۇنداق خۇسۇسىيەتتىكى كىشىلەر، شۇ ئارقىلىق بىرەر مەزگىل باشقىلارغا روھى ئازاپ يەتكۈزىدۇ. ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇپ، شەخس بىلەن شەخس، شەخس بىلەن تەشكىل ئوتتۇرىسىدا ۋە خىزمەتتە ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا بىز بەزى يولداش - دوستلىرىمىزنىڭ بۇنداق لىبىرال - زىملىق ئادەتلىرىگە قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ ماقالىدا ئاساسلىغى غەيۋەت قىلغۇچىنىڭ غەيۋىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش لازىملىغى ئۈستىدە بەزى پىكىرلىرىمنى بەرمەكچى.

ھەممە كىشىنىڭ غەيۋەتچىگە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر: "بىز يېقىن ئاغىنە، يېقىن دوست، خەق ئۆز قەلبىدىكى سۆزلىرىنى دەۋاتسا، ئاڭلىماي بولامدۇ؟ دوست - ئاغىنە، سەپداش - ساۋاقداش بولغاندىن كېيىن كۆڭۈلدىكى سۆزلەرنى ئېيتىش، ئىچ - قارنىنى بوشىتىۋېلىش نورمال ئەھۋال. دوستۇم ئۆز دەردىنى ئېيتىۋاتسا ئەلۋەتتە دەردىگە دەرمان بولۇش كېرەك"تە دەپ قارايدۇ - دە، قۇلاقىنى - قۇلاقىغا يېقىپ بىراۋنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتمىگىچە تىختىمايدۇ. ئەمىلىيەتتە ئۇنداق "قەلب - سۆزى" نىڭ راست - يالغىنى، توغرا - خاتاسى بولىدىغانلىغى بىلەن ھساپلىشىپ قويمايدۇ. مەسىلەن، تەشكىل ياكى بىرەر رەھبەرلىك ئۈستىدىن نارازىلىق بىلدۈرۈپ غودۇڭشۇش، يوقىلاڭ گەپ تېپىپ تۆھمەت چاپلاش، يولداشلارنى - يولداشلارغا چېقىشتۇرۇپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش يەنى پالانچى سېنى "ئۇ دەۋاتىدۇ، بۇ دەۋاتىدۇ" دەپ يوق يەردىن تۆك ئۈندۈرۈشكە ئوخشاش يامان قىلىقلار ئاسانلا يۇقۇرى بىلەن تۆۋەن، يولداشلار بىلەن يولداشلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا بۇنداق يامان تەسىر پەيدا قىلىدىغان

"قىلىپ سۆزى" نى ئېيتقۇچى غەيۋەت ھەۋەسكارلىرىغا كۆڭلىگە كېلىپ قالارمۇ دەپ ئەندىشە قىلىپ ئولتۇرماي، ئۇنداق قۇرۇق گەپلەرنى ئاز قىلىش ياكى قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت بېرىش، زۆرۈر تېپىلغاندا تەنقىت - تەربىيە بېرىش كېرەك. غەيۋەت قىلغۇچى بىلەن قانچە يېقىن بولسا ئۇنى شۇنچە قاتتىق چەكلەش لازىم. چۈنكى سىز يېقىن بولغاندىن كېيىن، گېپىڭىزنى ياخشىراق ئاڭلىشى چوقۇم. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا بۇ دوستىمىزنى ئاسرىغانلىق ۋە ياردەم قىلىپ، ياخشى يولغا باشلىغانلىق. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ بەزەن يولداشلىرىمىز دوستلىرىنىڭ ئاشۇنداق لىبېرالىزىملىق ئىدىيىسىگە قارشى تۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە راست - يالغىنىنى، ئاق - قارىسىنى ئايرىمايلا ئۇنىڭغا ماسلىشىپ تېخىمۇ ئېچىتىپ، كۈشكۈرتۈپ بېرىدۇ. پىرىنسىپسىز ئاپاق - چاپاقلىقنى يولغا قويىدۇ. بۇنداق "ياخشى مۇناسىۋەت" ئەمەلىيەتتە يامان مۇناسىۋەت بولۇپ، دوستىمىزنىڭ يامان ئادەتلەردىن قول ئۈزۈپ ھەقىقانى ئىش قىلىدىغان ياخشى يولغا مېڭىشىغا پايدىسىز.

يەنە بەزىلەر: "ئۇمۇ ئۆز پىكرى، ئۆز قارىشىنى ئېيتىۋاتىدۇ، سۆزلىۋېلىشقا يول قويماي بولامدۇ؟" دەپ قارايدۇ. توغرا، يوقىرى بىلەن تۆۋەن، يولداشلار بىلەن يولداشلار ئارىسىدىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىلىق پىكىر - كۆزقاراشلار بولسا ئەلۋەتتە سۆزلەش، ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. مەسىلە ئۇنى قانداق سۆزلەش ۋە قانداق ئوتتۇرىغا قويۇش، قانداق ئورۇن - سورۇندا سۆزلەش ۋە قانداق ئورۇن - سورۇندا ئوتتۇرىغا قويۇش لازىملىقىدا. ئۇچرىغانلا كىشىگە، كەلسە - كەلمەس جايدا خالىغانچە سۆزلەۋېرىشكە، يالغان تۆھمەت چاپلاپ دەردىنى چىقىرىۋېلىش، ياكى بىرەر پايدا - نەپكە ئېرىشىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بىزنىڭ تەكىتلەيدىغىنىمىز گەپ بولسا ھەقىقانى - ئادىللىق بىلەن يۈزىدە، كۆپچىلىك ئالدىدا، يىغىندا، ئۆزىنى تۇۋتۇۋېلىپ، ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش، مانا بۇ مەسىلىنى پىرىنسىپلىق ياخشى ھەل قىلىشتىكى توغرا ئۇسۇل ۋە پوزىتسىيە ھېساپلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا مەسىلە ھەل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، خۇددى ئوتقا ياغ چاچقاندەك، ئىتتىپاقلىققا، خىزمەتكە تېخىمۇ زىيان يېتىدۇ. ئاخىر بېرىپ ئۆزىنى رەسۋا قىلىشتىن باشقا ئاقىۋەت چىقمايدۇ.

بەزىلەر بولسا، "غەيۋەت قىلسا خەقنىڭ ئۈستىدىن قىپتۇ، مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلمىغاندىكىن ئارىلىشىپ نېمە قىلاي، ھە، شۇنداق دەپ قويسام توگىمەمدۇ" دەپ چاتىقى بولمايدۇ. بۇنداق دىگەن بىلەن لىبېرالىزىملىقتىن ئىبارەت يامان كېسەللى بار ئادەم ئالدىڭىزدا ھېجىيىپ - نايناقلاپ، يۈز تۇرانە سىزنىڭ يامان گېپىڭىزنى قىلمايدۇ. لېكىن پەۋقۇلئاددە ئارىڭىزدا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ياكى بىرەر ئاچىزلىقىڭىزنى تۇتۇۋالغاندا بولسا، ھەرگىز يۈز - خاتىرە قىلمايدۇ. شۇڭا بەزى يولداشلىرىمىزنىڭ غەيۋەتچىلىك قىلىدىغان لىبېرالىزىملىق كېسىلىنى داۋالاپ، ساقايتىش ئۈچۈن نەق مەيداندا مۇۋاپىق ئۇكۇل - دورا بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر، ھەم ھەممىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتى.

غەيۋەت - شىكايەت، چېقىمچىلىق قىلىپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشتىن ئىبارەت بۇ لىبېرالىزىملىق يامان كېسەل شەخسىدىن ئائىلىگە، ئائىلىدىن تەشكىلگىچە چوڭقۇر سىڭگەن بىر يامان كەيپىيات. بەزىلەر ھەتتا ئاتا - ئانا بىلەن بالا - چاقا، قېيىنى ئانا بىلەن كېلىن، ئۇرۇق - تۇققانلار بىلەن ئۇرۇق - تۇققانلار، خولۇم - خوشنا بىلەن خولۇم - خوشنىلار ... ئوتتۇرىسىدا يوق يەردىن گەپ تېپىپ، چېقىشتۇرۇپ بۆلگۈنچىلىك ۋە سوغاقچىلىق سالىدۇ. ئادەتتىكى ئىشلارنى چوڭايتىپ، چىدىغۇسىز يامان روھىي ئازاپلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

(داۋامى 30 - بەتتە)

# 新疆妇女



1984年第2期
(总第19期)
双月刊

## 目　录

坚决维护妇女儿童权益
「党关心群众的老传统回来了」
——记全国妇联维护妇女儿童合法权益现场会……杨蕴等
妇女需要和谐，支持和体贴…………摘自《健康顾问》
革命前辈
女同志的知音
——记蔡畅大姐……………………………郭明秋
先进人物谱
在通往科学的道路上………………………米尔尼沙
优秀接生员…………………………………艾买提托克
学校与家庭
社会信息对学生的影响及引导………………邓炳端
儿童教育
你知道孩子说谎的原因吗？…………………摘自资料
你了解自己的孩子吗？………………………《《《
文学园地
愚昧的后果…………………………艾海提·阿西木
幽默……………………………………………摘自资料
祝您健康
-谈少女的生理变化……………………………阿衣先
洗浴要防滴虫病………………………………胡继腐
读者来信
男同志能看《新疆妇女》吗？…………………阿不拉
读了《25天》之后……………………………努日满
道德与情操
怎样对待闲言碎语……………………………阿不都热一木
·　·　·
封面：哈萨克歌舞……………………………陈道忠摄
封二：女科技工作者…………………阿不都维力等摄
封三：优秀教育工作者………………………各地妇联供稿
封底：游园乐…………………………………彭比德摄

# مۇنەۋۋەر مائارىپچىلار



يوسكام ناھىيىلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىپ يېتىشكەن ئوقۇتقۇچىسى ياڭ يەچۈن، 1978-يىلدىن بۇيان ھەر يىلى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ كەلگەن ئىدى. 1983-يىلى مەملىكەتلىك "8-مارت" قىزىل بايراقدارى بولدى.



2. قۇمۇل شەھەرلىك 2-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى كەن يۈيچىڭ، ئوقۇغۇچىلارغا سالىق ئىنتىپاقلىق تەربىيىسى بەرمەكتە.



3. دۆربىلجىن ناھىيىلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مول ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئوقۇتقۇچىسى ئىبان چىڭ.



4. خىڭ ناھىيە بازار ئىچى قىزىل بايراق 1-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، مەملىكەتلىك "8-مارت" قىزىل بايراقدارى لى شۇلەن.

5. ساۋەن ناھىيە سىدوخورا گۆكشى باللار باغچىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى لىۋيالىڭ، ئۆز قولى بىلەن باللار تەييارلىق سىنىپىنى قۇردى.





6. مايتاغ كان رايونى باللار باغچىسىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى يولداش مېڭ نۇلەن.

سۈرەتلەرنى جايلاردىكى ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئەۋەتكەن.



«شىنجاڭ ئاياللىرى» تەھرىر بولۇمى تۈزدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 1 - باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋاكالىتەن ساتىدۇ
تاق ئايلارنىڭ 25 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
ۋاكالەت نومۇرى 8 — 58، باھاسى: 0.18 يۈەن

《新疆妇女》 双月刊（维吾尔文）

编　辑：《新疆妇女》编辑部　　发　行：乌鲁木齐市邮局
出　版：新疆人民出版社　　订　阅：自治区各地邮局
印　刷：新疆新华印刷厂　　零　售：自治区各地邮局

出刊日期：逢单月25日　刊号：58—8　定价：0.18元